مىسسىئونىرلارنىڭ ئىسلامغا قارشى تۈزگەن پىلانلىرى ۋە رەزىل سۇيقەستلىرى

# ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتى

مۇھەممەد قۇتۇب

# قضية تحرير المرأة

محمد قطب

**الدّال على الخير كفاعله**

# مۇندەرىجە

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ....................................................................4
تۇغۇلۇش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش ........................5
ئىككى قېرىنداشنىڭ جاپا-مۇشەققىتى...........8
سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھىجرەت قىلىش...........16
ئۇستازىمىزنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە..................20
سەيىد قۇتۇبنىڭ مۇھەممەد قۇتۇبقا كۆرسەتكەن تەسىرى: ..................................................22
ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئىدىيەۋى پىرىنسىپى ..........................................................................25
مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كىتاب ۋە ئەسەرلىرى .......28
ھەيران قالارلىق سۈكۈت..............................36
ئىسلامى ھەرىكەت يەنىمۇ بەكرەك تەربىيەگە موھتاج...........................................................39
ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى..........................48
ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ھەققى يۈزى... ............50

هازىرقى خار-زەبۇنلۇقتىن قانداق قۇتۇلىمىز ؟....55
ئاياللارنى ئازاد قىلىش، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا
ئاياللارنى بۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى.......60
ئاياللارنى بۇزۇش ھەرىكىتىدە قوللانغان ۋاسىتىلار
145.........................................................

## ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ گەرچە ئاكىسى، «يول بەلگىسى» ۋە «قۇرئان سايىسىدا» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى، بۈيۈك ئىسلامىي مۇتەپەككۇر، ئەدىب سەيىد قۇتۇبقا ئوخشاش دۇنياغا مەشھۇر بولمىسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىسلامى



ھەركەتتىكى تەسىرىنى ھەرگىزمۇ ئاكىسى سەيىد قۇتۇبنىڭ تەسىرىدىن تۆۋەن ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىتابلىرى، ئەسەرلىرى، لېكسىيەلىرىنى، يولىيۇرۇقلىرى ۋە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن، زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئۇنىۋېرسىتېت رىسالىلىرى بىلەن

مۇكەممەل بىر ئىدىيەۋى «مەكتەپ»نى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، شەرق ۋە غەربتە ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس تەسىرى كۆنسېرى كۈچەيمەكتە.

## تۇغۇلۇش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش

مۇھەممەد قۇتۇپ 1919- يىلى 26- ئاپرېل مىسىر تۇزلەڭلىكىدىكى ئاسيۇت ۋىلايىتىگە قاراشلىق مۇشا يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى قۇتۇپ ئىبراھىم شازىلى يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بىرى ئىدى. قۇتۇپ ئىبراھىم گەرچە ئارانلا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇ يېزىدىكى ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان دېھقان زىيالىيلارنىڭ قاتارىدىن سانىلاتتى.

ئانىسى پاتىمە ئوسمان خانىم دىنىي ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئىلىمخۇمار ئايال ئىدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەھمەد ھۈسەيىن مۇشا ئەدەبىي تالانتى ۋە يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ئەدىب ۋە شائىر ئىدى. ئۇ مۇخبىرلىق ۋە سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. مۇھەممەد قۇتۇپ ئۇنى سەيىد قۇتۇپ ۋە ئابباس مەھمۇد ئۇقاد بىلەن بىر قاتاردىكى داڭلىق ئۈچ ئەدىبنىڭ بىرى دەپ قارايتتى.

قۇتۇپ ئىبراھىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پاتىمە خانىم ئوغۇللىرى مۇھەممەد بىلەن سەيىيدنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنى قاھىرەگە ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى. مۇھەممەد قېرىندىشى سەيىد، ھەمشىرىلىرى ئامىنە ۋە ھەمىدە بىلەن بىللە قاھىرەگە كەلدى. ئۇ

قاھىرەگە كېلىپ، شۇ يەردىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، ئىنگلىز تىلى ئەدەبىياتىدا ئوقۇدى. ئۇ 1940- يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇدى ھەمدە مائارىپ ۋە پىسخولوگىيە پەنلىرى بويىچە ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى ئالدى.

مۇھەممەد قۇتۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۆت يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ قارمىقىدىكى تەرجىمە ئىدارىسىدە بەش يىل ئىشلىدى. كېيىن يەنە ئىككى يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ كىتاب تۈزۈش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

## ئىككى قېرىنداشنىڭ جاپا-مۇشەققىتى

ئۇستاز سەيىد قۇتۇپ ئىككى يىل (1949-1950) ئامېرىكىدا تۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قۇتۇپ ئائىلىسى مىسىردا پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشقا باشلىدى. چۈنكى، سەيىد قۇتۇپ قەلەم كۈرىشىگە ئاتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى ھەر ۋاقىت دۈشمەن ئۈچۈن ئېغىر تەھدىت بولغاچقا، ئۇنىڭ قاماققا ئېلىنىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئىدى.

1952- يىلى ئىيۇلدا ئىنقىلاب پارتىلىدى. ئىنقىلابچىلار ئىسلامى يۈزلىنىشتىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» ۋە ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىپلا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان «جامائەت» مۇتەپەككۇرى سەيىد قۇتۇپ بىلەن توقۇنۇشتى.



(ئۇستاز سەيىد قۇتۇپ )

توقۇنۇش تاكى 1953-يىلىنىڭ باشلىرىدا سەيىد قۇتۇپ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى تەسىس قىلىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن چاقىرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئاردىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، 1954-يىلى ئۆكتەبىردە يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىلغان مەشھۇر «زۇڭتۇڭغا قەست قىلىش ۋەقەسى» يۈز بەردى (چۈنكى، جامال ئابدۇناسىر «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»غا ئۆزگە سۇيىقەست قىلىش جىنايىتى

بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ئىدى). ۋەقە يۈز بېرىپ، ئارقىدىنلا سەيىد قۇتۇپ، مۇھەممەد قۇتۇپ ۋە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ باشقا رەھبەر ۋە ئاساسلىق ئەزالىرى قاماققا ئېلىندى. ھەربىي تۈرمىدە ئىككى ئاكا-ئۇكا بىر-بىرىدىن يىراق بولغان ئايرىم-ئايرىم كامېرغا قامالدى. ئۇلار بىر-بىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. بىر-بىرىنىڭ قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغىنىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى. ئۇلار ھەربىي تۈرمىدە ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان دەھشەتلىك ئازاب ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى.... ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، مۇھەممەد قۇتۇپ تۈرمىدىن چىقتى. ئەمما، سەيىد قۇتۇپ بولسا، جالالتىنىڭ چاڭگىلىدا ئۇن نەچچە يىل قېلىپ قالدى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ھەربىي تۈرمىدىكى ئازاب ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەربىي

تۇرمىدىكى ئازاب مېنىڭ روھى دۇنيايىمغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. چۈنكى، ئۇ تەجرىبە خاراكتېرلىك قىيناش ئىدى. ئۇ شۇ قەدەر قاباھەت ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن قىلىنغان ئازاب ئىدىكى، ئۇ ھەقتە مەن، پەقەت «ئۇ مېنىڭ روھى دۇنيارىمنى ھەر قايسى تەرەپتىن بىر پۈتۈن ئۆزگەرتتى» دېيەلىشىم مۇمكىن... مەن ئىلگىرى ئەدەبىيات، شېئىرىيەت ۋە مەۋھۇم ھېس-تۇيغۇلار ئىچىدە ياشايتتىم. چوڭقۇر بىر گاڭگىراش مېنى قىينىماقتا ئىدى. مەن ئۇنى «زالالەت» ناملىق قەسىدەمنىڭ تۆۋەندىكى قۇرلىرىدا مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدىم:

ئۆتمەكتە ھەر كېچە، ئاقماقتا راۋان،
چېچىلدى خىيالىم، يوقالدى ئامان.

كائىنات ئۈستىدە كۆرۈنسە بىر ھەق،
زالالەت ئىـــــلكىدە ئادەملەر قايان؟.

بۇ پانىي دۇنيادىن ئىزدىشەر نېمـــــە؟

(يەتمىدى مەقسەتكە، تاپمىدى هايان)

مەن ۋە ھەم كۆڭلۈمنى چىرمىغان ئويلار،
بارىمىز ئاخىرقى شۇ مەنزىل تامام.

تۇگەيدۇ بىر-بىرلەپ، تۇگەيدۇ ھەممە،
قۇملۇقلار قېتىغا كۆمۈلۈپ ھامـــان.

نامەلۇم چۆللــەردە يۈرەر ھاياتلىق،
پەرۋاسىز ئايلىنار، ئايلىنار جاھان.

بۇ خىل گاڭگىراش ھاياتىمدا ماھىيەتلىك كىرىزىس پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىمغا بولغان كۈچلۈك تەسىرى تاكى مەن تۇرمىگە تاشلانغانغا قەدەر بىر قانچە يىل داۋاملاشتى. مەن ھەربىي تۇرمىگە قامالغان ئاشۇ دەقىقىلەردىكى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازاب -ئوقۇبەت ئاخىرى مېنىڭ گاڭگىراشلىرىمنى تۈگىتىپ، ھاياتىمغا مەنە ئېلىپ كەلدى.... مەن بۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ھېس قىلدىم، بەلكى، مەن ئۆزۈمنى قايتىدىن تاپتىم. روھىمدىكى ‹ئويلار›نىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى

بىلدىم. بۇ ھەقىقەت اللە يولىدا مېڭىش، اللە تەرەپكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى. بۇ يولدا ماڭغۇچى ئازغۇن ئەمەس، بەلكى، توغرا يول تاپقۇچى ئىدى. ئۇ ئەجەل تەقدىر قىلىنغان دەقىقىلەردە ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ قېتىغا كۆمۈلگەندە، ئۇنىڭ قىلغانلىرى ھەرگىزمۇ بىكارغا كەتمەيتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇن – تىنسىز يوقۇلۇپ كەتمەيتتى، بەلكى، اللە نىڭ قېشىغا باراتتى ۋە ھەممىنى شۇ يەردە تاپاتتى.

تۆت كوچا ئېغىزى دەل ئاشۇ قۇملۇقلارنىڭ قېتىغا كۆمۈلگەن دەقىقىلەر ئىدى.... زالالەت كوچىسىدىكى تېڭىرقاشلىرىم ئاخىرى تۈگىدى. ئۆزۈمنى قايتىدىن توغرا يول ئۈستىدە تاپتىم.

مەن تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئائىلىنىڭ يۈكى مېنىڭ زىممەمگە چۈشتى. ئىلگىرى ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئاكام كۆتۈرەتتى. ھەممىمىز شۇنىڭغا

ئادەتلەنگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى ھاياتىنىڭ بىر تالاي مۇشەققەتلىرى مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. تۇرمۇش ۋە ھاياتلىق ئىشلىرىدا خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان ئىدىم.... ئاردىن ئون يىل ئۆتۈپ، 1964-يىلى مايدا ئاكام سەيىد – الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! – كېسەللىك سەۋەبىدىن كەچۈرۈم قىلىنىدى دېگەن نام بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلدى. مەن بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشنىڭ ئەكسىچە ئىچ-ئىچىمدىن بىئاراملىق ھېس قىلاتتىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاكامنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىش ئارقىلىق تۈرمىدىنمۇ يامانراق بىر سۇيىقەستنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى. مەن ئويلىغان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. ئاكام ھەربىي تۈرمىدىن ئايرىلىپ بىر يىل بولا-بولمايلا ئىشلار يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بىز سۇيىقەستچىلەرنىڭ ھەر قايسى تەرەپتىن بىزنى قورشاپ بولغانلىقىنى بىلدۇق. 1965-يىلى تۇتقۇن قىلىش باشلىنىپ

كەتتى. مەن ۋە ئاكام سەيىد يەنە تۈرمىگە تاشلاندۇق. 1966- يىلى 29- ئاۋغۇست (دۈشەنبە) تاڭ سەھەردە ئاكام سەيىد «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ ئالتە رەھبىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. مەن تۈرمىدە (1965- يىلى 30- ئىيۇلدىن 1971- يىلى 17- ئۆكتەبىرگىچە) ئالتە يىلنى ئۆتكۈزدۈم. ئاكام سوت قىلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن باشقا، چوڭ ئاچامنىڭ ئوغلى رەفئەت سوراق جەريانىدا قىيناپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئاچام نەپىسە، ئامىنە ۋە سىڭلىم ھەمىدەمۇ بىز بىلەن بىللە تۈرمىگە تاشلانغان بولۇپ، سىڭلىم ھەمىدە دەھشەتلىك سوراقنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى كۆڭۈلگە كەچمىگەن ئېغىر ئازاب ۋە قىيىن-قىستاقنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنياۋى خىرىستىيانلار ۋە خەلقئارالىق يەھۇدىيلارغا ۋاكالىتەن دۆلەت

باشقۇرۇۋاتقان ‹مۇسۇلمان› دېگەن نامنى كۆتۈرۈۋالغان مەخلۇقلارنىڭ ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى ئىدى.

بىراق، تۇرلۇك ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە تولغان بۇ ئالتە يىل شۇ قەدەر ئۇزاققا سوزۇلغان يىللار دۆۋىسىنى ھاسىل قىلدى».

دېمەك، قۇتۇپ ئائىلىسى مىسىردا ناسىرچىلار تۈزۈمىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە يەتكۈدەك ئۇچرىدى. ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئازاب - ئوقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈردى.

سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھىجرەت قىلىش

1971- يىلى ئۆكتەبىردە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» ئەزالىرى جامال ئابدۇناسىرنىڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن

كوللېكتىپ ھالەتتە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كۆچتى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ جامائەت شەكلىدە مىسىردىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇمۇ 70- يىللارنىڭ بېشىدا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» بىلەن بىرلىكتە سەئۇدى ئەرەبىستان مەملىكىتىگە سەپەر قىلىپ، ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە بۇ مۇبارەك دىياردا ياشىدى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ دەسلەپتە مەككىدىكى «ئۇممۇل قۇرا» ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن جىددىدىكى پادىشاھ «ئابدۇلئەزىز» ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلدى. سەئۇدى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرىكەت خاراكتېرلىك ئىسلامى مەكتەپ تەسىس قىلىشتىكى بارلىق پەزىلەت ئۇستاز

مۇھەممەد قۇتۇبقا مەنسۇپ!. ئۇ شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋاھهاب مەكتىپى بىلەن بۈگۈنكى زاماندىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت قىيىنچىلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ ئالاقە ئورناتقان بىر قانچە ئۇنىۋېرسىتېت رىسالىلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ رىسالىلەر كىتاب ھالىتىدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەسىرى سەئۇدى-ئەرەب مەملىكىتىدىن ھالقىپ باشقا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا يېتىپ باردى. دوكتور سەپەر ھاۋالىنىڭ «ئىلمانىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىسلامى ھاياتتىكى تەسىرلىرى» ناملىق ئەسىرى بىلەن شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سەئىد قەھتانىنىڭ «دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك چېگرىسى» ناملىق ئەسىرى بۇ رىسالىلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكراقى ھېسابلىنىدۇ.... ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ 1988- يىلى دۇنياۋى ئىسلام

تەتقىقاتچىلىرىغا تارقىتىلغان پادىشاھ فايسال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ مىسىرلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى يىللاردىن بىرى مەككە-مۇكەررەمدە ياشاپ كەلدى. ئۇ 2009-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى مېڭە پەردە ياللۇغى كېسەللىكى بىلەن سەئۇدى مەملىكىتى جىددە خەلقئارالىق داۋالاش مەركىزى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇ ئۇزۇندىن بىرى ئاشۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئاخىرى اللە نىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن، ھازىرقى زامان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ غوللۇق بايراقدارلىرىدىن بىرى، سېلىكىش خاراكتېرىگە ئىگە بىر يۇرۇش ئەسەرلىرى ۋە لېكسىيەلىرى بىلەن ئىسلامىي دەۋەت ساھەسىدە زور بۇرۇلۇش ياسىغان مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى، مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ ئۇستازى، ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ

2014-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى جۈمە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە جىددە شەھىرىدىكى دۆلەتلىك مەركىزىي دوختۇرخانىدا 95 يېشىدا ۋاپات بولدى.

اللە ئۇستازىمىزغا رەھمەت قىلسۇن، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن، جەننەتنىڭ ئالى ماقاملىرىغا ئېرىشتۈرسۇن، ئۇنىڭدىنمۇ ئالى مۇكاپات بولغان ئۆزىنىڭ مۇبارەك جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلسۇن... (ئامىن)

ئۇستازىمىزنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە

تۆكۈلدى بىر يۇلتۇز بۈگۈن، دىنىمىز ئاسمىنىدىن،
ئايرىلىپ قالدى ئۇممەت، يەنە بىر يولباشچىسىدىن.
ۋادەرىخ، قەلبىم شۇئان چوغ ئۇستىدە قىل ئىـــــرۇر،
ئەجەل ئوقى بىمەھەل سېنى نەق ئاتقانىـــــــــدىن.
ئۇمىدۋار، مەغرۇرلۇقۇڭ ۋەزنى گويا تاغ ئىـــــــــدى،
ھېچ خەۋپلەنمەس ئىدىڭ، ياۋنىڭ قىلىچ ئاسقانىــدىن.

مەشئەل بولۇپ ئۇممەت ئۈچۈن جاھالەت تۇمانـــــــدا،
نۇر بېرىپ كەلگەن ئىدىڭ، ئاستى-ئۈستى ھەريانىدىن.
ياشىدىڭ ھەق يولىدا، بىر ئۆمۈر دادىل تــــــــــۇرۇپ،
تايمىغانتىڭ، قايمىغان، رەببىمىز پەرمانـــــــــــدىن.
جاھالەت ئالەم ئارا مەۋج ئۇرۇپ دولقۇنلـــــــــــــسا،
دەس تۇرۇپ «يوقال!» دېدىڭ، قورقمىدىڭ سۈر ھالىدىن.
تۈلكىلەر ھەر تەرەپتىن سالسا كۆپ رەنجۇ-ئـــــــــەلەم،
سۈس كۆلۈپ قويدۇڭ ئاڭا، دىلدا يوق ئەپغانـــــــــدىن.
ئىمانغا قويۇپ سوئال «بىز مۇسۇلمانمۇ؟» دېدىڭ،
تەئەججۈپلەر ئەيلىدىڭ، «مۇسۇلمانلار ئەھۋالى»دىـــــن.
«باياۋاندىن چىقايلى» دەپ، ئەجەب ياڭراق نىـــدا قىلدىڭ،
قۇتۇلسۇن دەپ مۇسۇلمانلار، خارۇ-زارلىق پەگاھـــــدىن.
«مۇسۇلمانلار چۈشەنچىنى قايتىدىن تۈزەت» دېدىڭ،
ئۆتكۈز دېدىڭ ھەر ئىشنى «قۇرئان»، «ھەدىس» گۇۋاھىدىن.
بىر ئۆمۈر ئۇممەت دېدىڭ، ئۇممەت ئۈچۈن تۈتتۈڭ قـــــەلەم،
ئۇممەت غېمى غېمىڭ ئىدى، غەم يوق پانىي نىگارىـــدىن.
يازغانلىرىم ئەمەس يالغان، ئىش-ئىزلىرىڭ پاكىت ئاڭـــا،
ھامان بىر كۈن بىلگەي خەلق، نەتىجە ئىزھارىـــــــدىن.
كۆرمىدى پانىي ساڭا ئەركىن نەپەسنى ھېـــــــــــچ راۋا،

ئىسلاھات قاندۇرغۇسى مۇبارەكدىدارىدىن.
رەھمىتى كەڭ رەببىمىزنىڭ، يوق ئاڭا چېگرا-توساق،
بەرگۈسى ئالىي ماقام، جەننىتى رىزۋانىدىن.

سەيىد قۇتۇبنىڭ مۇھەممەد قۇتۇبقا كۆرسەتكەن تەسىرى:

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا جامال ئابدۇناسىر تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ مۇتەپەككۇرى ئۇستاز سەيىد قۇتۇپ مۇھەممەد قۇتۇبتىن 12 ياش چوڭ ئىدى. ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ مۇھەممەد قۇتۇبقا نىسبەتەن ئائىلە باشلىقى، دادا ۋە دوستىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋى ۋە ئەقلىي قۇرۇلمىسىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن



ئۇستاز سەيىد قۇتۇپ سوتتا

كىشىلەر ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەلىم تەربىيە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان كىشىنىڭ ئاكىسى سەيىد قۇتۇپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «تەربىيە تەرەپتىن ئېيتقاندا، مەن بىلەن ئاكام ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك بىر مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مېھرىبانلىق بىلەن كەسكىنلىك بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇزغۇنچى يۇمشاقلىق ۋە نەپرەتلەندۈرگۈچى قاتتىقلىق ئەمەس ئىدى. ئاكام مېنى ھەر قايسى ساھەلەردە ئوقۇشقا

ئىلھاملاندۇراتتى. ئۆزىمۇ ئوقۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىلھامى مەندە بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپلا دەرسلەرنى مۇھاكىمە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان روھنىڭ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولغان ئىدى».

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ئىككى قېرىنداش ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيەۋى بىرلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن زېھنىم ئېچىلىپ، ئاڭغا ئىگە بولغىنىمدىن بىرى ئاكام سەييىدنىڭ ئىدىيەۋى يۈزلىنىشلىرى بىلەن ياشاپ كەلدىم. تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىن باشلاپ، ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ساھەلىرىگە قاتناشتۇراتتى. ماڭا ئوخشىمىغان تېمىلارغا قارىتا مۇنازىرە قىلىش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرەتتى. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ ئىدىيىلىرىمىز، پىكىرلىرىمىز ۋە روھلىرىمىز ئۆز-ئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا قېرىنداشلىق

ۋە بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلىشمۇ ئارىمىزدا زور دەرىجىدە يېقىنلىق ۋە ھەمكارلىقنى ھاسىل قىلدى.

## ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئىدىيەۋى پىرىنسىپى

بۇ مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى غەرب، غەربنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى ۋە ئىدىيەۋى كۆز-قاراشلىرىغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئاچچىق تەنقىدى بىلەن ھەممىگە تونۇلدى. ئەينى چاغدا لىبېرالىزم، كوممۇنىزم ۋە سوتسىيالىزم ئىدىيەلىرى ئىسلام ئەللىرىنى قاپلىغان، كۆپلىگەن ئاخبارات ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ خىل نەزەرىيەلەر 50- 60- يىللاردا ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئىلمىي ئىنىستىتۇتلاردا ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىنىپ ئۆگىتىلەتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ خىل نەزەرىيەلەرنى تەنقىد

قىلىدىغان، ئۇنىڭ خاتالىقىنى ۋە مائارىپ سىستېمىسىدا ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا تەتبىقلاشقا يارىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدىغان بىر بۆلۈك باشلامچى خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى يازدى.

ئۇ غەربنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى تەنقىد قىلىش دائىرىسىدە بارلىق پەنلەرنى ۋە ئۇنى تەتبىقلاشنى ئىسلامى قىممەت ۋە ئىسلامى ئەخلاق ئارقىلىق ئىسلاملاشتۇرۇشقا چاقىرغان دەۋەت مەشئىلىنى كۆتۈردى. ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ياۋروپادا ئومۇمەن ئىجتىمائىي پەنلەر، خۇسۇسەن پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق دەپ ئاتالغان پەنلەر پىرىنسىپ نۇقتىسىدىن ئوبيېكتىپ هالدا مۇسۇلمانلار مەسىلىسىنى چىقىش قىلغان پەنلەر ئەمەس. ئۇنىڭدىكى مەنبە «الله» ئەمەس، بەلكى، ئىنسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەسىلىلىرىنى هەل قىلالمايدۇ....

بۇ پەنلەر گۈللىنىش دەۋرىدىن باشلاپ، ياۋروپادا شۇ جايدىكى يەرلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دىنىنى دۈشمەن بىلىدىغان مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلدى. بىز ئۇنى شۇ پېتى نەقلى قىلدۇق. بىلىپ-بىلمەي ئۇنىڭ شۇ خىل دىنغا قارشى روھى بىلەن مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدا دەرسلىك قىلدۇق».

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ بۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىيەۋى ھۇجۇمنىڭ ئەقىل ۋە روھىمىزنى قاپلىۋالغان بىسىمىدىن قۇتۇلۇش پەيتى يېتىپ كەلدى. بىز بۇ پەنلەرنى دىن بىلەن ئىلىم، دىن بىلەن ھايات ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا قىلمايدىغان ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم».

مانا بۇ ئۇستازنىڭ ھاياتى ئۇنىڭغا باغلانغان تۈپ ئىدىيە.

## مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كىتاب ۋە ئەسەرلىرى



ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ لىۋىيىلىك دەۋەتچى
شەيخ سالىم بىلەن بىللە

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى لېكسىيە سۆزلەش، كىتاب يېزىش ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئىدىيە، تەربىيە ۋە ئەدەبىيات... قاتارلىق كۆپ خىل تېمىدا

بولۇپ، سانى 30 پارچىدىن ئاشىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئۇستاز 90 يىللىق ئۆمرىنى رىئاللىقنى ئىسلامى كۆزنەك ۋە «غەربنىڭ مائارىپ نەزەرىيەسى»گە قارشى بولغان مائارىپ قارىشى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە سەرپ قىلدى.

ئۇنىڭ مەزمۇن جەھەتتە بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، ئەمما، روشەن تىپمۇ خاسلىققا ئىگە بولغان بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى تۆۋەندىكىچە:

1. 20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت.

2. بىزنىڭ ھازىرقى رىئاللىقىمىز (ئۇيغۇرچىغا «مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان).

3. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى («مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى»نىڭ داۋامى).

4. «لا إله إلا الله» ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھايات پىرىنسىپى .

5. بىز ئىسلام تارىخىنى قانداق يازىمىز؟.

6. ئىلمانىيلار ۋە ئىسلام.

7. خاتا چۈشەندۈرۈلگەن ئىسلام.

8. ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتا قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە.

9. ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتى ھەققىدە تەتقىقاتلار.

10. ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىزچىللىق.

11. ئىسلامنىڭ تەربىيە يولى (1-2- قىسىم).

12. ئىسلام سەنئىتىنىڭ پىرىنسىپى .

13. ماتېرىيالىزم بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان.

14. قۇرئان تەتقىقاتى.

15. بىز مۇسۇلمانمۇ؟.

16. روھىيەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدە.

17. پەيغەمبەردىن تامچىلار (تاللانمىلار).

18. ئەنئەنە كۈرىشى.

19. ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيەۋى ئېقىملار.

20. تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر.

21. ئافغانىستان جىھادى ۋە ئۇنىڭ ئۇقۇملىرى.

22. قۇرئان كەرىمدىن ئېلىنغان تەربىيەۋى دەرسلەر.

23. هازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى ئىسلامى نۇقتىدىن كۆزىتىش.

24. شەرىئەتنى يولغا قويۇش ھەققىدە.

25. بوسنىيە-گېرېتسېگوۋىنانىڭ جاپا-مۇشەققىتى ھەققىدە خاتىرىلەر.

26. شەرقشۇناسلار ۋە ئىسلام.

27. مۇسۇلمانلار ۋە يەر شارىلىشىش.

28. ئۇلار قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ!.

29. ئاقارتىش مەسىلىسى.

30. ئايال‌لار ئازادلىقنى مەسىلىسى.

31. كېلىڭلار! باياۋان زۇلمەتلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى!.

32. كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىمىز؟.

33. ئىماننىڭ ئاساسلىرى.

34. تارىخنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرۈش ھەققىدە..

ئاپتورنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى «20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا غەرب ۋە غەرب يېتەكچىلىكىدىكى دۇنيا ئىنسانىيىتىنىڭ تەسەۋۋۇر، ھەرىكەت، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىجتىمائىيەت، ئەخلاق، جىنسىيەت ۋە سەنئەت.... قاتارلىق ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە بۇزۇلۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى دۇنيانىڭ ئىنسانلىرىغا

ئوخشاش جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقان ھالىتىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئاپتورنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن يەنە بىرى «ھازىرقى زاماندىكى ئىدىيەۋى ئېقىملار» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا «ھەر قايسى ئېقىملار»غا قارىتا تەنقىدى مەيداندا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ نەزەرىيەلىرىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاستا-ئاستا پارچىلىنىۋاتقانلىقىنى روشەن سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ ئەسەر ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپلىگەن شەرىئەت فاكۇلتېتلىرىدا ئاساسلىق مەنبەگە ئايلانغان.

ئاپتورنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «تارىخنى ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۈشەندۈرۈش ھەققىدە» بولۇپ، ئاپتور بۇنىڭدا مۇسۇلمان تارىخچىلارنى ئۈممەتنىڭ ئەقىدىسى بىلەن ئۇلارنىڭ تارىخى تەتقىقاتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى

يوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىسلامى ئەندىزە بويىچە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىنى قايتىدىن يېزىپ چىقىشقا چاقىرغان.

سۆھبەت جەريانىدا ئاپتورغا «سىز قايسى ئەسىرىڭىزنى ئەڭ بەك ياخشى كۆرىسىز؟» دېگەن سوئال قويۇلغاندا، ئاپتور بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ئادەتتە ئاپتورلار: ‹مېنىڭ ئەسەرلىرىم گويا مېنىڭ بالىلىرىمغا ئوخشايدۇ. مەن ھەممە بالىلىرىمنى ياخشى كۆرگىنىمگە ئوخشاشلا، بارلىق ئەسەرلىرىمنى ياخشى كۆرىمەن› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئەمما، مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم ‹ماتېرىيالىزم بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان› بولۇپ، بۇ ئەسەر مېنىڭ باشقا ئەسەرلىرىمگە قارىغاندا قەلبىمدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ ئاساسلىق يۆنىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە تەربىيە

ۋە پسىخولوگىيە ھەققىدە يازغان بىر قانچە ئەسىرىم ئاشۇ خىل يۈنىلىش بويىچە يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا «20-ئەسىردىكى جاھىلىيەت»مۇ ئەسەرلىرىم ئىچىدە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ جاھىلىيەتنىڭ ماھىيىتىگە بولغان ھەقىقىي قارىشىمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. جاھىلىيەت مۇئەييەن زامان ياكى دەۋرگە قارىتىلمايدۇ، بەلكى، ئۇ ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا مەۋجۇت بولىدىغان ھالەت. بۈگۈن ئىنسانىيەت تارىختىن بۇيانقى ئەڭ رەزىل جاھىلىيەت ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ».

## ھەيران قالارلىق سۈكۈت

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ئاكىسى سەيىد قۇتۇبنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلگەن «ئىدىيەسى »نى ۋە سەيىد قۇتۇبقا يۈكلەنگەن

«ھەممىنى كاپىر دەيدىغان كۆز-قاراش»لىرىنى قوبۇل قىلمىغىنى ئۈچۈن زور تەنقىد ۋە تاپا-تەنىلەرگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ سەيىد قۇتۇبنىڭ ئىدىيەسىگە نىسبەتەن سادىقلىق بىلەن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى نەشر قىلدى ۋە كىتابلارنىڭ بېسىلىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى.

بىر قىسىم كىشىلەر: سەيىد قۇتۇپ ۋە مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كىتابلىرى ئۇلارنىڭ ئىدىيەلىرىگە باغلانغان جامائەتلەرنىڭ «ئوزۇق» مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ جامائەتلەرنىڭ ئاشۇ ئەسەرلەر بىلەن بولغان باغلىنىشچانلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار گاھىدا سەيىد قۇتۇپ ئاندىن كېيىن مۇھەممەد قۇتۇپ جاھىلىيەت ۋە ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىگە ئالاقىدار تەرەپلەردە ئىشلەتكەن سۆز ۋە ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزىنى ئەينەن ئىشلىتىدۇ دەپ قارايدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، «بازا تەشكىلاتى»نىڭ داھىيسى ئۇسامە بىن لادىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ قولىدا تەربىيەلەنگەن بولۇپ، مۇھەممەد قۇتۇپ ئۇنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئازغىنە شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇسامە بىن لادىننىڭ «بىن لادىننىڭ ئەقلى-ئىقتىدارى قانداق شەكىللەندى؟» ناملىق تەرجىمىھالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىۋېرسىتېتتا بىن لادىننىڭ ھاياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئىككى شەخس بولۇپ، ئۇلار ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ۋە شەيخ ئابدۇللا ئەززام ئىدى».

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ 20-ئەسىردىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن بۈيۈك يەتتە مۇتەپەككۇر ۋە ئالىمنىڭ[1] بىرى. ئۇ ئىسلام پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئىدىيەۋى بايلىقى، ھازىرقى زامان ئىسلام ئويغۇنۇش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى، ئىسلام

1 سەئىد نۇرەسى، ھەسەنۇلبەننا، ئەبۇلئەلا مەۋدۇدى، ئەبۇلھەسەن نەدەۋى، سەيد قۇتۇب، مۇھەممەد قۇتۇب ۋە ئابدۇللا ئەززام.

پائالىيەتچىلىرىنىڭ مەنىۋى داھىيسى. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىنى اللە نىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ۋە يەر شارىدا اللە نىڭ ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش يولىدىكى كۈرەشكە بېغىشلىدى. شۇنداقتىمۇ، 50-60 يىلدىن بىرى ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدا ھاكىمىيەت بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ ئادەتلەنگەن ئۆلىمالار مۇھەممەد قۇتۇپنى ئىزچىل تۈردە تەنقىدلەپ ۋە ئەيىبلەپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ پەرۋاسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئىسلامى مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، جاھىلىيەت بىلەن بولغان كۈرىشىنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.... مۇھەممەد قۇتۇپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوخشىمىغان تىلدا سۆزلىشىدىغان ياش ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ياشلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە تەرجىمە قىلىپ بىر-بىرىگە يەتكۈزىدىغان ئەسەرگە ئايلاندى.

## ئىسلامى ھەرىكەت يەنىمۇ بەكرەك تەربىيەگە موھتاج

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ كامال ھەبىب بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى

كامال ھەبىبىنىڭ بايانى: ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ مېنى مەككە-مۇكەررەمدىكى ئۆيىدە كۈتۈۋالدى. بىز ئامېرىكىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قىلغان قاباھەتلىك ھۇجۇمىدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسى ۋە ئىسلام ھەرىكىتى دۇچ كەلگەن يېڭى قىيىنچىلىقلار ھەققىدە خىلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. مۇشۇ خىل ئەھۋالدىمۇ مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ مەسىلىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاۋاتقانلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ قارىشىچە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يامان دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بىر يامانلىق بىلەن بىر ياخشىلىق بىللە كېلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان ھۇجۇمدا بۇ يامانلىققا ياندىشىپ كەلگەن ئەڭ چوڭ ياخشىلىق ئامېرىكىنىڭ نىقابىنىڭ يىرتىپ تاشلىنىشى بولۇپ، ئەمدى ئامېرىكا دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن

«ئادالەتنىڭ ھامىيسى» دەپ قارالمايدۇ. ھەممە نەرسە ئاشكارىلانغاندىن كېيىن ئۇرۇش مەخپىي، يوشۇرۇن ھالەتتە ئەمەس، بەلكى، گۇۋاھچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئوچۇق-ئاشكارا ھالەتتە داۋاملىشىدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان بۇ ئۇرۇشتا ئامېرىكىغا يەھۇدىيلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، 11- سېنتەبىر ۋەقەسىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ «ئويۇنى» ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى. ھەمدە بۇنىڭدىن «خەلقئارالىق ئوپېرا»نىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پىلانلىغۇچىلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ كونسېرى كۈچىيىدىغانلىقىنى، ئىسلامى ھەرىكەتنىڭ ئاڭ ۋە تەجرىبىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئۇستاز بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىمىز ئىككى سائەتتىن كۆپرەك داۋاملاشتى. ئەمما، ئۇ ئۆزى ھەققىدە

ھېچنەرسە دېمىدى. ھەتتا، ئۇنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش تەلىپىنىمۇ پۈتۈنلەي رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز باشقا تېمىلاردا سۆزلەشتۇق.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ مىسىردىكى ئىسلامى جامائەت سادىر قىلغان كەمچىلىكلەر ھەققىدە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە يازغان ئەسەرلىرىدە يېتەرلىك كۈچ توپلاشتىن ئىلگىرى ئەرەب دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى خەلقلەر تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ۋە اللە نىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل تۈزۈملەر بىلەن تىركىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تۈردە تەكىتلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە اللەنىڭ :(وَكَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآَيَاتِ وَلِتَسْتَبِينَ سَبِيلُ الْمُجْرِمِينَ) «گۇناھكارلارنىڭ يولى ئاشكارا بولسۇن ئۈچۈن،

ئايەتلىرىمىزنى ئەنە شۇنداق روشەن بايان قىلىمىز[2]» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى.

ئۇستاز سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئىسلامى جامائەت رەھبەرلىكى سىياسىي تۈزۈملەر بىلەن تىركىشىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ھېس قىلدۇرىدىغان ئاڭ ۋە تەجرىبىنى يوقىتىپ قويغان».

ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: «بۈگۈن خەلقئارالىق مەيداندا ۋە پەلەستىندە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر مېنىڭ قارىشىمدا قىيامەتنىڭ يۈز بېرىش ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا، بىر يەھۇدىي تاش ياكى دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالسا ئاشۇ تاش ياكى دەرەخ: ئى

---

2 سۈرە ئەنئام: 55- ئايەت.

مۇسۇلمان! ئى اللەنىڭ بەندىسى! بۇ يەھۇدىي مېنىڭ ئارقامدا، كەل، ئۇنى ئۆلتۈر! دەيدۇ› دېگەن ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ».

ئۇ بۇنىڭغا اللەنىڭ سۈرە ئىسرادىكى: ﴿فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ لِيَسُوءُوا وُجُوهَكُمْ وَلِيَدْخُلُوا الْمَسْجِدَ كَمَا دَخَلُوهُ أَوَّلَ مَرَّةٍ وَلِيُتَبِّرُوا مَا عَلَوْا تَتْبِيراً﴾

«ئىككىنچى قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق (جازاسىنىڭ) ۋەدە قىلىنغان ۋاقتى كەلگەندە، (دۈشمەنلەرنىڭ خار قىلىشى بىلەن) يۈزۈڭلاردا قايغۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە دەسلەپكى قېتىمدا كىرگەندەك كىرىپ (ئۇنى خاراب قىلىشى) ئۈچۈن، ئىشغال قىلغانلىكى يەرنى ۋەيران قىلىشى ئۈچۈن (ئۇلارنى بىز ئەۋەتتۇق) [3]». ﴿فَإِذَا جَاءَ وَعْدُ الْآخِرَةِ جِئْنَا بِكُمْ لَفِيفاً﴾ «ئاخىرەت ۋەدىسى (يەنى قىيامەت)

---

3.سۈرە ئىسرا: 7- ئايەت

كەلگەن چاغدا سىلەرنى (قەبرەڭلاردىن مەھشەرگاھقا) (كاپىرلار بىلەن مۆئمىنلەرنى) ئارىلاش ئېلىپ كېلىمىز [4]»

دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇ تەپسىرشۇناسلارنىڭ يۇقىرىقى ئايەت ھەققىدىكى: «ئىسرائىل ئەۋلادلىرى مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن يەر شارىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن پەلەستىنگە كەلدى» دېگەن سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇپ غەربنىڭ ئىسلامغا تۇتقان مەيدانىنىڭ ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئەھلىسەلىپ مەيدانى ئىكەنلىكىنى، غەربلىكلەرنىڭ: «بىز ئىسلام بىلەن چىقىشىپ ئۆتىمىز ياكى ئىسلامغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز» دېگەن

4.سۈرە ئىسرا: 104- ئايەت

گەپلىرىنىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇق شوئار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ھەمدە غەربتىكى، بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۈنسېرى ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە خەتەرگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان تېخىمۇ ئېغىر خەتەر ئۈچۈن تەييارلىنىش لازىملىقىنى ئەسكەرتتى.

ئاخىرقى بىر سوئال:

بىز ئۇستازدىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا كەڭرى تارقالغان: «سەيىد قۇتۇپ ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنى مائارىپ مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش تەكلىپىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇنداق ئېغىر جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچار بولغان» دېگەن گەپنىڭ راست-يالغانلىقىنى سورىدۇق.

مۇھەممەد قۇتۇپ بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «ئاكامنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تەكلىپىنى رەت قىلىشى

ساقچىلار بىلەن ئىسلام پائالىيەتچىلىرى ئوتتتۇرىسىدىكى ئۇزاققا سوزۇلغان ئاشۇ قاباھەتلىك كۆرەشنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان كۆپلىگەن ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى. ئەمما، ئۇ بۇ يەردىكى ئاساسلىق سەۋەب ئەمەس. چۈنكى، سەۋەب «يول»نىڭ ئوخشىماسلىقى ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە ئاكامنى بويسۇندۇرىمىز دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق، ئاكامنىڭ ھەق ئۈستىدە ۋە اللەنىڭ دىنىدا ئىزچىل تۇردە مۇستەھكەم تۇرۇشى دۈشمەنىنىڭ «تاما»سىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1966- يىلى ئاكامغا ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاكامغا جامال ئابدۇناسىردىن كەچۈرۈم سوراش ۋە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىش تەكلىپىنى قويدى. ئەگەر ئاكام ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلسا، ھۆكۈمەت ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قاماقتىكى بارلىق ئەزالارنى قاماقتىن بوشىتىدىغانلىقىنى

ئېيتتى. ئەمما، ئاكام بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، شەھىد قىلىنىش ئارقىلىق ئاخىرقى «پارلاق مەنزىل»گە يەتتى.

اللە ئىككى ئۇستازنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەي! ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلغاي! ئۇلارغا جەننەتتىن ئورۇن بەرگەي! (ئامىن) - تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئاپتورنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان

ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكى

1. 20- ئەسىردىكى جاھىلىيەت.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى (1-قىسىم).

3. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى (2-قىسىم).

4. تۈزىتىشكە تېگىشلىك چۈشەنچىلەر.

5. كېلىڭلار باياۋان زۇلمەتلىرىدىن چىقىپ كېتەيلى!

6. «لا إله إلا الله» ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھايات پىرىنسىپى .

7. ئىماننىڭ ئاساسلىرى (1-2-قىسىم).

8.كىشىلەرنى ئىسلامغا قانداق دەۋەت قىلىمىز.

9.بوسنىيە-گىرسىگوۋىنا قىرغىنچىلىقىدىن ئىبرەتلەر

## ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ھەققى يۈزى...

تەتۈر تەشۋىقات قىلغانلارنىڭ ھەقىقى مەقسىتى ئاياللارنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ تەگ مەقسىتى ئىسلامنى پاچاقلاش؛ ئاياللارنى يېرىم يالىڭاچ كوچىغا چىقىرىپ، ئىسلامىي جەمئىيەتنى بۇزۇش؛ جەمئىيەتكە يامرىغان ئەخلاقىي قالايمىقانچىلىقلارنى كىشىلەرگە يوچۇن تۇيۇلمايدىغان قىلىش؛ ئۇلارنى ئۆزى قىلغان بۇقىلىقلارنى ئىنكار قىلمايدىغان، پۇشايمان قىلمايدىغان، بەلكى، شۇنداق قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، شۇنداق قىلىشقا قىزىقىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش... غەربنىڭ تەجرىبىسى سۇيقەستچىلەرنىڭ ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئىسلامىي جەمئىيەتمۇ غەرب ماڭغان قەدەم بويىچە، غەرب ماڭغان يۆنىلىشكە قاراپ ماڭسا، قايسى ھالغا چۈشىدىغانلىقى ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان.

تەبىئىيكى، ئالدام خالتىغا چۈشكەن ئىخلاسمەنلەرمۇ يوق ئەمەس. لېكىن، ئىخلاسمەنلىك بىلەن غاپىللىقنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. غاپىللار شەيتانلارنىڭ ياردەمچى قورالى. شەيتانلار ئۇلاردىن

پايدىلىنىپ ئۆز تەشەببۇسىنى كۈچەيتىدۇ. چۈنكى، ئىخلاسمەن غاپىللارنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇلارغا ئەگىشىدۇ-دە ، شەيتانلارنىڭ مەقسىتى ئىشقا ئاشىدۇ!

اللّٰه نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن، بۇزۇلغان جەمئىيەتتىكى ئەھۋاللارنى تۈزەپ، زۇلۇم قىلىنغانلارنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزماقچى بولغان ئىخلاسمەن ئىسلاھاتچىلار مۇنداق بىر يولغا - دەۋەت قىلىش، جىھاد قىلىش، ئىسلامىي جەمئىيەتنى ئۆزىنىڭ توغرا سۈرىتىگە قايتۇرۇش يولىغا ماڭىسا بولاتتى. لېكىن ئەينى زاماندىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ھېچبىرى بۇ يولغا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلمىدى. بەلكى، مۇنداق بىر تەڭلىمە داۋاملاشتى: يا قالاق، قاتمال زۇلۇملۇق يامان ھالەتنى ساقلاپ قىلىش؛ يا ئىسلامنى چۆرۈپ تاشلاپ، دىندىن چىقىپ، تەرەققىي قىلىش ۋە ھەزارەتلىشىش ئۈچۈن ياۋروپاغا يۈزلىنىش. ئىسلامىي جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇش تەشەببۇسى االلّٰه نىڭ تەقدىرى بىلەن يېتىپ كەلگەن ۋاقىتىدا ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن ئەڭ ۋەھشى زەربە ۋە ئىكىسپالاتاتسىيىگە ئۇچرىدى. «ئىسلاھاتچىلار» تەرىپىد-ىن كەسكىن رەت قىلىش ۋە يۈز ئۆرۈشكە ئۇچرىدى. بۇ ئەھۋال ئىسلامىي جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان «ئىسلاھات» چىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەقىقى يۆنىلىشىنى ۋە بۇ ئىسلاھاتچىلىقنىڭ

ئىسلاھ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىسلامنى ۋەيران قىلىش ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدى...

ھىجاب مەكتەپ قىزلىرى ئارقىلىق ئاستا-ئاستا چۈشۈپ كەتتى! مىسسىئونېرلار قورولتايلىرى ئىسلامغا قارشى پىلان تۈزگەنلىرىدە مۇسۇلمان ئاياللارنى ئوقۇتۇش ۋە ئازات قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى قەيت قىلىشمىغانمىدى؟! دەسلىۋىدە يىرىم يالىڭاچلىق، ھاياسىزلىق مەكتەپ قىزلىرىنىڭ خاراكتېرى ئەمەس ئىدى. بەلكى، بۇنداق ئىش مەكتەپلەردە زادىلا راۋا كۆرۈلمەيتتى. تەبىئىيكى بۇنىڭدىكى مەقسەت ئايدىڭ. ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت بۇنداق ئىشقا يول قويمايتتى، ئىشنىڭ بېشىدىلا پىلان ئاشكارىلىنىپ قالسا ئۇنى ئىجرا قىلغىلى بولمايتتى. بەلكى، بۇ پىلان بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقۇپ كېتەتتى! مەكتەپ قىزلىرى مەكتەپكە كىرىپلا ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن يىراق لا چىقىپ كەتسە، قىز ئىگىلىرى قىزلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتەتتىمۇ؟!

ھەرگىز ئەۋەتمەيتتى. قىز ئىگىلىرىنى تولۇق خاتىرجەم قىلىش كېرەك. شۇندىلا ئۇلار قىزلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىدۇ. پىلانمۇ كاشىلا پەيدا قىلماسلىق ئۈچۈن كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە تولۇق ئىشقا ئاشىدۇ. تەدرىجى... ئاۋۋال باش

كېيىمىنىڭ سىرتىغا چاچ ئازراق چىقىپ قالىدۇ، بەلگە تاشلانغان ئۆرۈمە چاچلار لىنتا بىلەن باغلاپ قويۇلىدۇ. ئۆرۈمە چاچ ئوچۇق، ئەمما، باش تاش كېيىمىنىڭ بۆكى ئىچىدە. يۈز ئوچۇق... شۇنداق، بۇلار كىچىك تۇرسا، نېمە بولىدۇ، قېرىنىدىشىم؟!

بۇ ئىش ھەقىقەتەن ئاسانغا توختىمىدى... لېكىن، ئاخىرى پۈتتىغۇ! قەدەملەر بىر-بىرلەپ ئېلىنىدى. ھەتتىا كۆكرەكلەرمۇ، دۇمبىلەرمۇ، پاچاقلارمۇ، بىلەكلەرمۇ، يالىڭاچ ساھىللارمۇ، ھاياسىز كوچىلارمۇ ئېچىلدى.

بۇ ئىشلار قانداق يۈز بەردى؟

**قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لتتبعن سنن من قبلكم شبراً بشبر وذراعاً بذراع ، حتى إن دخلوا جحر ضب دخلتموه . قالوا : من يا رسول الله ؟ قال : اليهود والنصارى "! [أخرجه الشيخان ]**

«سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ يوللىرىغا غىرىچمۇ غىرىچ، گەزمۇ-گەز ئەگىشىسىلەر، ھەتتا ئۇلار كىلەنىڭ ئۇۋىسىغا كىرسە سىلەرمۇ كىرىسىلەر. ساھابىلەر: ئۇلار دېگەنلىرى كىم؟ دەپ سورىۋىدى- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي ۋە ناسارالار، دەپ جاۋاب بەردى.»( بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

داۋامىنى بىلمەكچى بولسىڭىز قىنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارغا مەرھەمەت قىلىڭ...!!!

**-مۇھەممەد قۇتۇب**

## ھازىرقى خار-زەبۇنلۇقتىن قانداق قۇتۇلىمىز ؟

بىر- ئىككى ئەسىردىن بېرى چەكتىن ئاشقان ياۋۇزلارچە دۈشمەنلىككە دۇچ كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئۇممىتى بۈگۈنكىكۈندە تولىمۇ ئېچىنىشلىق قىسمەت ئىچىدە تۇرماقتا. يېڭى ئەھلى سەلىپلەر، قوي تىرىسىگە ئورانغان بۆرە كەبى كوممۇنىستلار ۋە باشقا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن شىددەتلىك تۈردە پىلانلىق، تەشكىللىك، سېستىمىلىق، ھەمكارلىق تەشكىلىي شەكىلدە بارلىق رەزىل ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى قوللىنىلغان ھالدا ياكى ئاشكارا-مەخپىي شەكىللەر بىلەن باستۇرۇلۇش، تەقىب قىلىنىش، يۇشۇرۇن ئۆلتۇرۇلۇش، كىشىلىك ھوقۇقىدىن شەپقەتسىزلىك بىلەن مەھرۇم قىلىنىش تەقدىرىگە دۇچ كەلمەكتە. دۈشمەنلەر گويا شۇنداق دېمەكتە: ياكى دىنغا تۇر ياكى جېنىڭغا تۇر.

دەرۋەقە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رەزىل خاراكتېرىنى

كۆپ سانلىق مۇسۇلمانلاردىن يۇشۇرۇش، ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن دىنغا 100% قارشى چىقىش

پوزىتسىيەسىدە ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ باتىل قانۇن، تاغۇتلارچە ھۆكۈمرانلىقىغا زەرەر يەتكۈزەلمەيدىغان بەزى ئەمەل-ئىبادەتلەرنى قىلىشقا يول قويماقتا. ئەكسىچە ئىسلامنىڭ ھەقىقىي تارىخى، قۇرئان – ھەدىسنىڭ ماھىيىتى، ئاللاھ چۈشۈرگەن ئىلاھىي كۆرسەتمە- ئىلاھىي قانۇننىڭ ماھىيىتىدىن خەۋەرسىز قالدۇرماقتا. بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىشقا تىرىشقان، بىر-بىرىنى خەۋەردار قىلىشقا تىرىشقانلارغا ھەرخىل بۆھتان –تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، سىياسىي قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ ئۇرۇقىدىن قۇرۇتىۋېتىشكە ئورۇنماقتا.

بىز بۇ يەردە ئۇلارنىڭ رەزىل ۋاستىلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز . ئاقىل، سەگەك مۇسۇلمانلار بۇلارنى چوقۇم ئاز تولا بولسىمۇ چۈشەنمەي قالمايدۇ. بىز بۇ يەردە ئويلاشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا بار. مۇسۇلمانلار بۇخىل ئېچىنىشلىق تەقدىردىن قانداق قۇتۇلىمىز؟ ھەرىكەت قىلماي تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي، تەقدىرگە يۆلىنىپ قەدەربىيەچىلەرگە ئوخشاش جەينامازدا ئاللاھتىن تىلەپلا ئولتۇرامدۇق؟ ياكى ئاللاھتىن ئۆزلۈكسىز تىلەش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ كىتابى ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، سەلەپ- سالىھلارنىڭ يولى بويىچە ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلامدۇق- غەلبە قىلىش يوللىرىنى ئىزدەمدۇق؟

ئەلۋەتتە، تەقدىرگە يۈلىنىۋىلىپ ئەقەللىي تىرىشچانلىق كۆرسەتمەسلىككە ھېچكىم بۇيرۇمىغان . بۇ ئاللاھنىڭ يەر شارى، ئالەم ، ھاياتلىق ئىشلىرىغا بېكىتكەن قانۇنىيىتىگە ھەم ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ تارىخىغا ئىئىت بەزى تەسۋىرلەرنى ئوقۇغىنىمدا كۆزلىرىمدىن ياشلار ئىختىيارسىز قۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. بومبىلار ، تانكا – زەمبىرەكلەر ئالدىدا قۇربانلىق قويغا ئوخشاپ قالغان پەلەستىنلىك، ئىراقلىق، ئافغانىستانلىق... سەبىي باللار قوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، بار ئاۋازىنى قۇيۇۋېتىپ، نالە قىلىۋاتقان بىچارە ئانىلار .... كۆزئالدىمدىن ئۆتۈپ ئۆزۈمنى تولىمۇ يارىماس ھېس قىلىش تۇيغۇسى قەلبىمنى ئىگىلەپ، ئىختىيارسىز قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈرىمەن، بوزلاپ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىزدىن يەلكىمىزدىكى خارلىقنى كۆتۈرىۋېتىشنى، ئىسلام ئۈممىتىنى دۇنيا– ئاخىرەتنىڭ بەخت -سائادىتىگە ئېرىشتۈرۈشنى ..... تىلەشكە باشلايمەن.

دىيارىمىز مۇسۇلمانلىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئىللەتلەردىن بىرى قانائەتچانلىق بولۇشى مۇمكىن. ئاۋامدىن تارتىپ بىرنەچچە يىل مەخسۇس ئىلىم تەھسىل قىلغان ئىلىم ئەھلىلىرىگىچە ،مەيلى پەقەت بىر

بۇلۇڭ پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلىپ، يەنە بىربۇلۇڭ پەرىز ئەمەللەرنى قەتئىي ئاداقىلمىغان بولساقمۇ، يەنىلا كۆپچىلىكىمىز ئۆزىمىزنى جەننەتكە ئۇدۇل كىرىپ كېتىدىغاندەك ئويلايدىغانلاردىن. ئىلىم، ئەمەل -ئىبادىتىمىز شۇنچىلىك چولتا ، ئىخلاسىمىز تۆۋەن ، تىرىشچانلىقىمىز يېتەرسىز ، جاسارىتىمىز كەمچىل، كاپىرلار بىلەن مۇرەسسە – مادارا ئىېگىمىز شۇنچە كۈچلۈك ، گۇناھلاردىن قېچىش تۇيغۇمىز سۇس، تەقۋالىقىمىز يېتەرسىز بولۇشىغا قارىماي، شۇنچىلىك بىغەم، شۇنچىلىك مەغرۇر ھالدا ئاتالمىش « خاتىرجەملىك » ئىچىدە نۇرغۇن باھانىلەر بىلەن ياشاۋاتىمىز . ۋاھالەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار، تابىئىنلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى شۇنچە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئادا قىلىۋېتىپمۇ دوزاختىن پاناھ تىلەپ، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىپ، كەلگۈسىدىكى چوڭ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ يىغلايتتى. تارىخنى ئەينەك قىلىپ ئۆزىمىزگە سەممىي بىر باھا بېرىپ غاپىللىقتىن ئازراق قۇتۇلغان بولساقچۇ-كاشكى؟

-مۇھەممەد قۇتۇپ

قولىڭىزدىكى مەزكۇر يازما مىسىرلىق تەقۋادار ئىلىم ئەھلى، ئىسلام ئۇستازلىرىدىن بولغان مۇھەممەد

قۇتۇبنىڭ ئەسىرىدۇر. قېرىنداشلىرىمىز ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلىپ چىقسا بۇيۇك پەرۋەردىگارىمىزنىڭ رەھمىتى بىلەن نۆۋەتتىكى دەرىجىدىن تاشقىرى خار-زەبۇن، ساددا، بىخۇد، قانائەتچان ھالىتىمىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس دىگەن ئۈمىتتىمىز.

ئاخىرىدا بۇ ئەسەرنىڭ ئۇرۇپ تەييارلىنىپ قېرىنداشلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن شەخسلەرنىڭ تىرىشچانلىقىنى ئىگىمىزنىڭ ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى مەنپەئەتلەندۈرۈشىنى ئۇلۇغ ئىگىمىزدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.

# ئايالـلارنى ئازاد قىلىش، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ئايالـلارنى بۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى

ئايالـلارنى «ئازات قىلىش» ھېكايىسىنىڭ باش قەھرىمانى قاسىم ئەمىن ئىدى. (ماسونىيلار قۇرۇلتىيى ئىسلام ئۈممىتىنى پارچىلاپ، مەڭگۈ يەھۇدىي ناسارالار ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە مۇتلەق بويسۇندۇرغان قۇل سۈپىتىدە كونترول قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن مەزگىللىك بىر پىلان تۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن «ئايالـلارنى ئازاد قىلىش» نامىدا ئايالـلارنى بۇزۇش  پىلانىنى تۈزگەن بولۇپ، بۇ پىلاننى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن باش قەھرىمان سۈپىتىدە قاسىم ئەمىننى تاللىغان ئىدى. بۇ كىشى ئارقىلىق بۇ پىلاننى ئورۇنلۇق ئىشقا ئاشۇردى... تۆۋەندە  بۇ قىسسىنىڭ تەپسىلاتى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.)

قاسىم ئەمىن مىسىردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، بىر تۈرك ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى زىرەك بولۇپ، يىگىرمە يېشىدا قاھىرەدىكى فىرانسۇزلارنىڭ باكالاۋرلىق دىپلومىسىغا ئېرىشكەن.

ئۇ زامانلاردا يىگىرمە بەش ياشقا كىرگەنلەر ئاران باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دىپلومىغا ئېرىشەلەيتتى. شۇڭا، تالانت ئىگىلىرىنى ئىزدەۋاتقانلار ئۇنى تېپىپ، ئاۋۋال ئۇنى، ئاندىن ئۇ ئارقىلىق باشقا مۇسۇلمانلارنى بۇزۇش غەرىزى بىلەن فىرانسىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

ئۇ فىرانسىيىگە بېرىشتىن بۇرۇن بىر شەرقشۇناسنىڭ كىتابىدا: «ئىسلام ئاياللارنى ھاقارەت قىلىدۇ، ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ» دەپ ئىسلامغا تۆھمەت قىلىغانلىقنى ئوقۇپ، قېنى قىزىپ، بۇ شەرقشۇناسقا رەددىيە بەرمەكچى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامغا قارا چاپلىغانلىقىنى ئېچىپ تاشلىماقچى بولغان ئىدى. ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە شۇنداق دەپ يازغان ئىدى.

لېكىن، ئۇ فىرانسىيىدىن باشقا بىر يۈز بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك يېشىدا فىرانسىيىگە قىلغان سەپىرى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ مىسىرغا يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئەقىل، يېڭى يۈز بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەمدى مىسسىئونېرلار ئىسلامنى ۋەيران قىلىش پىلانىدا بىكىتكەن ئۇسۇل بويىچە ئاياللار «ئازاتلىقى»نى ۋە ئاياللار مائارىپىنى تەشەببۇس قىلىدىغان بولدى.

ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازىدۇ: «فىرانسىيىدە بىر قىز بىلەن ئۇچراشتىم، بىز

قىزغىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق، ئارىمىزدا چوڭقۇر، لېكىن، پاك ھېسسىياتلار پەيدا بولدى، ئۇ مېنى ئۆيىگە، ئاممىۋىي سورۇنلارغا، مەركىلەرگە بىللە ئېلىپ باردى. نەگىلا بارسام ماڭا ئەشىك ئوچۇق. نەگىلا بارسام قارشى ئېلىندىم...» [5]

مەيلى قاسىم ئەمىن ئۇ قىزغا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان بولسۇن ۋە ياكى بۇ قىز قاسىم ئەمىنگە مەقسەتلىك يېقىنلاشقان بولسۇن، ھەر ھالدا، ئۇ قاسىم ئەمىننىڭ ئەقلىنى ۋە قەلبىنى كولدۇرلاتتى، ھاياتلىق يولىنى ئۆزگەرتىۋەتتى؛ ئۇنى مىسسىئونىرلار قورولتايلىرى ئىسلامنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن قارار قىلغان ئىشلاردا رولغا چىقالايدىغان قىلدى.

بىز ئۇنىڭ «ئۇ قىز بىلەنكى مۇناسىۋىتىم پاك مۇناسىۋەت ئىدى» دېگەن سۆزىگە ئىشىنىشكە مايىلمىز. ئۇنىڭ پاك دېگىنى تەبىئىيكى مۇسۇلمانچە پاكىزلىق ئەمەس، بەلكى پاھىشىۋازلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن دېگەنلىكتۇر. پاھىشىگە ئايلىنىپ كەتكەن قىزلار كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىيالمايدۇ، كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ، شۇڭا قاسىم ئەمىننى قايىل قىلغان قىزنىڭ پاھىشە

(5) راجع ( مذكرات قاسم أمين ) .

بولمىغانلىقى ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى پاھىشە قىز-لاردىن بەكرەك ئۆزگەرتىۋەتتەلەيدۇ.

مەيلى بۇ قىز قاسىم ئەمىن بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى روھىي ۋە پىكرىي مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ، ئۇنىڭغا ئىزچىل تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇستاتلىق بىلەن رول ئالغان بولسۇن، ياكى قاسىم ئەمىنىنىڭ ئەنئەنىگە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان تۈرك ئائىلىسىدىن ئالغان ئائىلە تەربىيىسى ئۇنى پاكىزە مۇناسىۋەت دائىرىسىدە توختىتىپ قالغان بولسۇن، بەرىبىر ئۇ ئاخىردا تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى.

بۇ ئۆزگىرىشنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى...

تالانتلىق بىر ياش بىر ياۋروپا دۆلىتىنىڭ ئىشغالىيىتىگە چۈشۈپ قالغان ئەلدىن ئۆز قەۋمىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغان ياۋروپاغا كەلدى. ياۋروپا ئۇنىڭ تونۇشىدا بىر گىگانىت پالۋان. شەرق بۇ پالۋاننىڭ ئالدىدا غېمىبىيىپ تۇرغان بىر ئۆلۈمتۈك. بۇ ياش خۇدۇكسىرەۋاتىدۇ. ئالەمشۇمۇل شەھەردە بىقۇۋۋەتلەر ئېلىدىن كەلگەن ئۆزىنى تولىمۇ ئاجىز، كىچىك ھېس قىلىپ، ھاقارەتلىنىشتىن خەۋپسىرەۋاتىدۇ. تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى بۇ غەرب شەھەرلىرىدە روھىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن تەسكىن

تېپىش ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى. ئۇ شۇنداق قورونۇپ، خاۋاتىرلىنىپ يۇرگەندە ئۇنىڭغا بىر قىز ئۇچراپ قالدى. بۇ قىز دەسلىۋىدە ئۇنىڭ يېتىمسىرىغان كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى. ئۇنىڭ غېرىبانلىقى، ئەندىشىلىرى تۈگىدى. يات ئەلدە جىددىيلەشكەن روھىناتى پەسكويغا چۈشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىز ئۇنىڭ بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇردى.

(ئۇ كۇندىلىك خاتىرىسىدە شۇنداق ھېكايە قىلىدۇ) بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ ئازادىلىشىپ، بىر ياردەمچىگە ئېرىشكەندەك بولدى، كۆڭلى تېخىمۇ توقلاشتى. ئەمدى ئۇ سىرتقى جەمئىيەتتىن ئاز-تولا ياتسىراپ تۇرسىمۇ، كۆڭلىدە بىگانىلىقنى ھېس قىلمايدىغان بولدى. بۇ قىز ئۇنى قەدەممۇ-قەدەم يۆتكەپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇ قاسىم ئەمىننى ئۆيلىرىگە، ئاممىۋىي سورۇنلارغا، مەرىكىلەرگە بىللە ئېلىپ باردى. نەگىلا بارسا ئۇنىڭغا ئىشىك ئوچۇق ئىدى، نەگىلا بارسا قارشى ئېلىندى. ئۇنىڭ ئەمدى كۆڭلىدە غېرىبانلىق يوق، جەمئىيەتتىنمۇ يىتىرقىمايدۇ، يېڭى جەمئىيەتتە دادىل قەدەملەر بىلەن ماڭالايدۇ.

ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇ ئىشلارغا قارىتا قانداق پىكىرلەر تۇغۇلغاندۇ؟

ئۆزى بىلەن بۇ قىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قانداق قارايدىغاندۇ؟

ئۆزگە مۇنداق چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئەنئەنىگە قانداق قارايدىغاندۇ؟

پاھىشە دەرىجىسىگە يەتمىگەن «پاك» مۇناسىۋەتتىن ئۇنىڭ كۆڭلى سۆيۈندى. قورۇنۇشلىرى ۋە يېتىمسىراشلىرى يوق بولدى، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، ئۇنىڭ پىكرى تېخىمۇ جانلاندى، ئىجابىيلاشتى ۋە ئاكتىۇئاللاشتى. ئۇنداقتا، بۇ ئەنئەنىنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن؟ بىزنىڭ ئەنئەنىلىرىمىزمۇ شۇنداق بولسا بولمامدۇ؟

بىز قانچە ياخشى گۇمان قىلساقمۇ، يەنىلا بۇ مەنتىقە بىر بۆلۈك ئىزىقتۇرۇشلارغا ئىگە.

بىرىنجى ئېزىقتۇرۇش: ھېلىقى مۇناسىۋەتنى پاھىشىدىن خالىي بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن»«پاك مۇناسىۋەت» دەپ دەۋا قىلىش. بىزمۇ پاھىشىنىڭ بولمىغانلىقىغا ئىشىنىشكە بەك مايىل. شۇنداقتىمۇ بۇ مۇناسىۋەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆلچەيدىغان ئىسلامىي ئۆلچەمدە پاك مۇناسىۋەت ئەمەس. چۈنكى، بۇ مۇناسىۋەتتە نامەھرەم بىلەن خالىي جايدا يالغۇز تۇرۇش بار. بۇنداق قىلىش مەيلى پاھىشىگە ئېلىپ بارسۇن، ياكى ئېلىپ بارمىسۇن اللە نىڭ دىنىدا ھارام قىلىنغان. بۇنىڭدا روشەن ھېكمەت بار. چۈنكى، نامەھرەم بىلەن خالىي جايدا يالغۇز تۇرۇش ھامان پاھىشىگە ئېلىپ بارىدۇ.

بىرىنجى قېتىمدا ئېلىپ بارمىسا، ئىككىنجى قېتىمدا ئېلىپ بارىدۇ، بىرىنجى ئەۋلاددا ئېلىپ بارمىسا، ئىككىنجى ئەۋلاددا ئېلىپ بارىدۇ. تارىختا ئىنسانىيەت نامەھرەم بىلەن خالىي جايدا يالغۇز تۇرۇشقا يول قويغان ھەر قانداق چاغدا ئاخىرى پاھىشە كېلىپ چىقتى، ھەممە مىللەتتە شۇنداق بولدى.

ئىككىنجى ئېزىقتۇرۇش: قاسىم ئەمىن فىرانسىيە جەمئىيىتىدە شۇ خىل مۇناسىۋەتتىن پەيدا بولغان يامان تەسىرلەرنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالغان. فىرانسىيە جەمئىيىتىدە ناپاك مۇناسىۋەتلەر قىم-قىم، ئۇنى ھېچكىم توسمايدۇ. بۇ فىرانسىيىلىكلەرگىمۇ ۋە سىرتتىن كەلگەنلەرگىمۇ مەخپىيەتلىك ئەمەس. بىز قاسىم ئەمىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ھېلىقى قىزدىكى ئۆزگىچىلىك ياكى قاسىمدىكى ئۆزگىچىلىك تۈپەيلىدىن ئاشۇ جەمئىيەتتىكىدەك ناپاكلىشىپ كەتمىگەنلىكىگە ئىشەنسەكمۇ، ئۇنىڭغا قاراپلا، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى توغرا كۆرگەن جەمئىيەتتىكى ئاقىۋەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى توغرا دەپ كەتكىلى ياكى ئۇنى تەشەببۇس قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنجى ئېزىقتۇرۇش: قاسىم ئەمىن ئۆزىنىڭ بىرىنجى كىتابى - «ئايالالارنى ئازات قىلىش» دېگەن كىتابىتا مۇنداق دەۋا قىلىدۇ:

«ئايالـلار ئازاتلـىقـىدىن پەقەت ياخشى نەتىجە چىقىدۇ، پەقەت ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر كۈچىيىش ۋە مۇستەھكەملىنىشلا پەيدا بولىدۇ. فىرانسىيە جەمئىيىتىدىكىدەك ناپاك مۇناسىۋەتلەر كېلىپ چىقمايدۇ». (6)

مەيلى سەۋەبلەر قانداق بولسا بولسۇن، ئەمەلىيەتتە، قاسىم ئەمىن فىرانسىيىدىن ئايالـلارنى ئازات قىلىشنى، ئايالـلارنىڭ ھىجابلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، يۈزىنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىپ قايتىپ كەلدى.

بۇ رىفائە تەھتاۋىي فىرانسىيىدىن قايتىپ كەلگەندە دەۋەت قىلغان تەشەببۇسنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ ئىككى تەشەببۇسنىڭ پەرقى يوق. ئەمما تەشەببۇسنى ئاڭلىغانلاردا پەرق بار. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىزچىل داۋام قىلغان ئىدىيىۋى ھۇجۇم كىشىلەرگە ئوبدانلا تەسىر كۆرسەتكەن، شۇڭا قاسىم ئەمىنىنىڭ تەشەببۇسى رىفائە تەھتاۋىينىڭ تەشەببۇسىدەك تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىنمىدى. بۇ خىلدىكى تەشەببۇسلار بۇرۇن بۆشۈكىدە ئۇجۇقـقاندەك ئۇجۇقمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىش ئاسانغا چۈشمىدى.

---

(6) تنازل عن هذه المغالطة في كتابه الثاني " المرأة الجديدة " كما سيجيء .

«ئاياللارنى ئازات قىلىش» دېگەن كىتاب پەيدا قىلغان كۈچلۈك ئېتىرازلار قاسىم ئەمىننى قورقۇتۇپ ۋە ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ ئۆيدىن تالاغا چىقالماس قىلىۋەتتى. ئۇ بۇ ئىشتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزمەكچىمۇ بولدى، بىراق سەئىد زەغلۇل[7] ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دېدى: «يولۇڭنى داۋاملاشتۇر، مەن سېنى ھىمايە قىلىمەن»!

شۇنىڭ بىلەن، قاسىم ئەمىن بۇ ئىشنى قايتا قىلىشنى، بىرىنچى كىتابتا مۇسۇلمانلىقنى نىقاب قىلغان بولسا، ئەمدى يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىشنى قارار قىلدى. ئىسلام دىنى مۇسۇلمان ئاياللارغا كۆپ ھوقۇقلارنى بەرگەن، ئوقۇش ئۇ ھوقۇقلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكىسى. بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى كىتابىدىكى سۆزى. ئۇ ئىككىنچى كىتابى - «يېڭى ئاياللار» دا ئىسلامنى چورتلا تىلغا ئالمىدى. ئۇ ئەمدى مۇنداق دەيدىغان بولدى:

«ئاياللار ئازات بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن جەمئىيەت تەرەققىي قىلىش ۋە ئازات بولۇش ئۈچۈن مىسىر ئاياللىرى فىرانسىيىلىك ھەمشىرىلىرى قىلغاندەك ئىشلارنى قىلىشى

(7) انظر في الحديث عن دور سـعد زغلول في حياة مصـر الحديثة ، كتاب " واقعنا المعاصر " ص 311 .

كېرەك...!» مانا ئەمدى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ كاپىر ئاياللاردىن پەرقى قالمىدى، مۇسۇلمان ئاياللار كاپىر ئاياللار بىلەن ھەمشىرە بولۇپ قالدى. قاسىم ئەمىن ئاخىر غەرب ماڭغان يولنىڭ ئۆزىدە مېڭىش كېرەك، ئۇلار باسقان ھەممە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتسەكمۇ مەيلى، ئاياللىرىمىزمۇ غەرب ئاياللىرىدەك بولسا مەيلى دەپ تەشەببۇس قىلدى. ۋەھالەنكى، قاسىم ئەمىن غەرب ئاياللىرىنىڭ ئەخلاقى چۈشكۈنلۈك ۋە پەسكەشلىك باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «... بىزمۇ غەرب مىللەتلىرى ماڭغان يولدا ماڭساق بولمۇۋېرىدۇ، چۈنكى، بىز غەربلىكلەرنىڭ مەدەنىيەتتە كۈنسېرى ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز... ئومۇمەن، بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئاياللارنى تەربىيە ئارقىلىق ئەقلىي جەھەتتىن كۈچەيتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا پىكىر قىلىش ۋە خىزمەت قىلىش ئەركىنلىكى جەھەتتىكى ھوقۇقلىرىنى بېرىشىمىز كېرەك. ئۇلار غەرب ئاياللىرى بېسىپ ئۆتكەن ۋە بېسىۋاتقان باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىنى بېشىدىن ئۆتكۈزسىمۇ مەيلى»! (8)

---

(8) عن مجلة الهلال فـــــي الاحتفال بالذكرى العشـرين لوفاة قاسـم أمين ، عدد أول يونيه سنة **1928** م ص **948** .

قاسىم ئەمىن ۋاپات بولىدىغان كىچىسى ئاخىرقى تېنىقىدا رىمدىن مىسىرنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن بىر توپ ئوغۇل-قىز ئوقوغۇچىلارغا فىرانسۇز تىلىدا مۇنداق دەيدۇ: « ئالىي مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن بۇ ئىلمىي ئۆمەككە قىزغىن سالام ۋە تەشەككۇر، بۇ ئۆمەك ئارقىلىق بىلىم ئاشۇرۇش يولىدا جاپادىن قورقماي جاھان كېزىۋاتقان بارلىق قىزلارغا سالام يوللايمەن! بۇ قىزلارنىڭ يېتەرلىك تەربىيىلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم. مىسىرلىق قىزلارنىڭمۇ ئاشۇ قىزلاردەك جاھان كېزىپ، ئىلىم ئالىدىغان كۈنلىرىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتىۋاتىمەن. شۇ كۈنلەردە مۇسۇلمان قىزلار بۈگۈنكىدەك ئەدەبىي مەجمەئەلەردە مىسىرلىق ئوغۇللار بىلەن يانمۇ-يان ئولتۇرۇپ، ئەدەبىيات ۋە بىلىم لەززىتىنى سۈرىدۇ. بۇ قىزلار ھازىر ئۇنىڭدىن مەھرۇم. بۇ ئارزۇلىرىمىز ئىشقا ئېشىپ قالسا، ئاياللارمۇ تەرەققىي قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق مىسىر خەلقىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ». [9]

ھازىر ئاياللار مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىرىش كېرەك. بۇ مەسىلىنى ھۇدا شەئراۋىي باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك ئاياللار ۋە ئاياللار ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىدىغان بىر بۆلۈك

---

([9]) الهلال أول يونيه سنة 1928 ص 949 .

ئەرلەر كۆتۈرۈپ چىقتى. ئاياللارنىڭ ھازىر تەلەپ قىلىۋاتقان بىرىنجى تەلىپى يۈزنى ئېچىش ھوقۇقى... يۈزنى ئېچىش ۋە يېپىش مەسىلىسى ھازىرقى مۇنازىرىنىڭ تۈگۈنى.

بۇ مەسىلە نەدىن پەيدا بولدى؟

ياۋروپادا ئاياللار ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغاندا ھەقىقەتەن ئاياللار مەسىلىسى مەۋجۇت ئىدى. ئاياللار زاۋۇتلاردا ئەرلەر بىلەن ئوخشاش بىر ئىشنى قىلسا، ئىش ھەققىنى ئەرلەرنىڭ يېرىمىچىلىك ئالاتتى. شۇڭا ئاياللار ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق ئېلىشنى تەلەپ قىلاتتى! [10]

بۇ مەسىلە ئۆزىچە ياكى شەيتانلارنىڭ پىلانلىشى[11] بىلەن تېخىمۇ كېڭىيىپ كۆپ ساھەلەشتى. ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ھەق ئېلىشنى مەركەز قىلىپ باشلانغان بۇ مەسىلە كېڭىيە-كېڭىيە ئاخىرى ھەممە ئىشتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشنى تەلەپ قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى. جۈملىدىن ئەرلەرنىڭ بۇزۇقچىلىق قىلىش ھوقۇقى بولغانىكەن، ئاياللار-نىڭمۇ بۇزۇقچىلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

---

(10) تحدثت عن هذه القضية وأطوارها المتتابعة في أوروبا في فصل " دور اليهود في إفساد أوروبا " في كتاب " مذاهب فكرية معاصرة " .

(11) لم تكن تلقائية في الواقع وإن بدت كذلك !

ئايالىلارنىڭمۇ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ. ئايالىلارنىڭمۇ ئۆز ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاش ھوقۇقى بولىدۇ. ئايالىلارنىڭمۇ ئۆزى خالىغان كىشىگە ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ!

ئەمما، مىسىردا ياكى ئىسلام دۇنياسىدا ئەمەلىيەتتە ئايالىلار مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقىنى جەمئىيەتنى ھەقىقى ئىسلامدىن ئازدۇرۇش مەسىلىسى ئىدى. ئەقىدە قالاقلىقى ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ھەرخىل قالاقلىقلار، جۈملىدىن ئايالىلارنى ھاقارەتلەش، خورلاش، ئايالىلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەسلىك ھەقىقى ئىسلامدىن چەتنىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ قالاقلىقنى ئوڭشاش ئۈچۈن ھەر جەھەتتە ھەقىقى ئىسلامغا قايتىش كېرەك ئىدى. بۇ يەردە مانا مۇشۇ مەسىلە بار ئىدى. «ئايالىلار مەسىلىسى» ئەرلەر مەسىلىسى يوق ئىدى. بەلكى، پۈتۈن ئىسلامىي ئۈممەت مەسىلىسى، بارلىق ئەرلەر، ئايالىلار، بالىلار، ئەمەلدارلار، ئالىملار، ھەرقانداق بىر شەخس مەسىلىسى بار ئىدى. «ئايالىلار مەسىلىسى» نىلا كۆتۈرۈپ چىقىش ئىلمىيلىككە ئۇيغۇن بولمايلا قالماستىن، بەلكى، يەنە ئۇ ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر خىل كېسەلنىڭ كۆپ خىل ئالامەتلىرىنىڭ بىرىنىلا داۋالىغانلىق. بۇنداق قىلغاندا كېسەل ھەرگىز ساقايمايدۇ. چۈنكى،

ئۇ كۆپ تەرەپتىن داۋالاشقا تېگىشلىك مۇرەككەپ كېسەلنىڭ ھەقىقى سەۋەبلىرىنى كۆرمىگەنلىك بولىدۇ.

بۇ مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن بىرەر كىم چىن ئىخلاس بىلەن ئىزدىنىپ، ھەقىقى سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈپ باقتىمۇ؟

بۇ مەسىلىنى بىرەر كىم بەسىيرەت بىلەن، تېماتىك ئىلمىي مۇنازىرە بىلەن تولۇق تەكشۈرۈپ باقتىمۇ؟

بۇ مەسىلىنى بىرەر كىم ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا ئۆزگە خاس نەزەر بىلەن قاراپ، ئۆزگە خاس كۆز بىلەن كۆرۈپ باقتىمۇ؟ ياكى ھەممىسى شەھۋانىي نەپسىنىڭ قۇللىرى، غەربنىڭ قۇللىرىمۇ؟ غەپلەتكە چۆككەن، ئازغۇنلۇققا چوڭقۇر پاتقان بۇ قۇللار بىلىپ بىلمەي دۈشمەنلەرنىڭ سۈيىقەستلىك پىلانىنى ئىجرا قىلىۋاتامدۇ؟

ئاياللار مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىققانلار – ئەرلەر، ئايالالار، تەشەببۇس قىلغۇچىلار، ئەگەشكۈچىلەر، پىلانلىغۇچىلار، پىلاننى ئىجرا قىلغۇچىلار ھەممىسى شەكسىزكى شۇنداق روھىي قۇللاردۇر. يۇزنى يېپىش ۋە ئېچىش مەسىلىسى ھەقىقەتەن ئورۇنسىز ۋە تۈيۈقسىز ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلە!

ياۋروپادىكى ئاياللار مەسىلىسى ھېچبولمىغاندا كۆرۈنۈشتە... ياكى باشلىنىشتا مەنتىقىگە ئۇيغۇن. شۇ جايدىكى ئاياللار مەلۇم شارائىتلار تۈپەيلى ئىشلەشكە مەجبۇر بولسا، [12] ئىشلىسە، ئوخشاش ئىشقا ئەرلەر ئالغان ھەقنىڭ يېرىمىنى ئالسا، بۇ چاغدا ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىشنى تەلەپ قىلىش تامامەن يوللۇق.

ئەمما، يۈزنى يېپىش ۋە ئېچىش مەسىلىسى قايسى مەنتىقىگە ۋە قايسى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ؟ ياۋروپادىكىدەك ئايالغا زۇلۇم قىلىدىغان تۈزۈمنى ئەرلەر تۈزگەن بولسىغۇ، ئاياللار بۇ مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەرلەرنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلماقچى بولسا مەيلىغۇ. لېكىن، يۈز يېپىشنى ئايالغا ئەر پەرز قىلمىسا. بەلكى، بۇنى ئايالنى ياراتقان اﷲ پەرز قىلغان تۇرسا. [13] اﷲ بۇيرۇغان ئىشلاردا ئىمانى بار ئايالنىڭ قىلىمەن، قىلمايمەن دەپ مۇنازىرە قىلىش ئەركىنلىكى بولمايدىغان تۇرسا:

---

**(12) فصلت أسبابها عند الحديث عن الثورة الصناعية وآثارها في الحياة الأوروبية ، في فصل [ دور اليهود في إفساد أوروبا ] من كتاب " مذاهب فكرية " .**

**(13) أشرت في هامشة سابقة إلى هذه الحقيقة رداً على الذين يجادلون في وقائع التاريخ ، ويزعمون أن الحجاب كان تقليداً عربياً صحراوياً قائماً قبل الإسلام .. وذكرت قول عائشة رضي الله عنها في مدح نساء الأنصار : " لما نزلت آية الحجاب قامت كل واحدة منهن إلى ثوبها فاعتجرت به " .**

**(وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْراً أَنْ يَكُونَ لَهُمْ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ ضَلَّ ضَلالاً مُبِيناً)**«اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشنى ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر-ئايال مۆئمىنلارنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. كىمكى اللّٰه قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ» [14].

شۇبھىسىزكى، ھىجاب ھېچقانداق مەسىلە شەكىللەندۇرەلمەيدۇ.

ھىجاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە پەرىز قىلىنىپ شۇ دەۋرىنىڭ ئۆزىدە ئىجرا قىلىنغاندىن باشلاپ، ئۇدا ئون ئۈچ ئەسىر داۋاملاشتى... اللّٰه قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئاياللارغا زۇلۇم قىلىنغان دەپ باقمىدى[15].

مۇسۇلمانلار ئەقىدە جەھەتتە قالاقلاشقاندىن كېيىن ئاياللار زۇلۇم تارتىپ قالغان بولسا، شۇبھىسىزكى، ھىجاب بۇ زۇلۇمنىڭ سەۋەبكارى، ھەمراھى، مەنبەسى

---

[14] سۈرە ئەھزاب -36 ئايەت

[15] بۇنداق گەپنى زامانىمىزدا مۇسۇلمانچە ئىسمى بار مۇرتەدلەر دەۋاتىدۇ. ئۇلار اللّٰه نى، اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىنى، اللّٰه نىڭ دەرگاھىدىن نازىل قىلىنغان دىنىنى زومىگەر دەۋاتىدۇ.

ئەمەس. چۈنكى، ھىجاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **قال عنها رسول الله صلى الله عليه وسلم: " خيركم قرني "** [16]«سىلەرنىڭ ياخشىڭلار مېنىڭ دەۋرىمدىكىلەردۇر...» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ئەڭ ياخشى دەۋردە بار ئىدى. ھىجاب ئەخلاقىي ۋە مەنىۋىي پاكلىقنىڭ ھەمراھى، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنسانىي يۈكسىلىشنىڭ ھەمراھى ئىدى.

ھىجابنى ئېلىۋېتىش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ،[17] يۈزنى ئېچىش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ، ئەۋرەتنى ئېچىش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ، ئاياللارنى كوچىغا يالىڭاچ چىقىرىش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ!

بۇ مىسسىئونېرلار قورولتايلىرىنىڭ تەلىپى ئىدىغۇ! سۇيىقەستچى خرىستىئانلارنىڭ تەلىپى ئىدىغۇ. ھىجابنى يوقىتىۋېتىش بىر مەسىلىگە ئايلىنىشى كېرەك. ھىجاب ئىنسان خاتىرىسىگە كېلىدىغان ھەر قانداق يامانلىق بىلەن، ھىجابنى يوقىتىۋېتىش ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان ھەر قانداق ياخشىلىق بىلەن سۈپەتلىنىشى كېرەك. بۇنداق باشلانغان مەسىلە شەيتانلار كۆزلىگەن مەنزىلگە بېرىپ يېتىدۇ! يۇقىردا

---

[16] متفق عليه.

[17] واليهود يخططون معهم كما سيجيء .

بىز دېگەندەك بۇ مەسىلىگە بىر تۈركۈم ئاياللار يەم بولۇپ كەتتى. ئۇلار ھىجابنى يوقۇتۇش بىزنىڭ ھوقۇقىمىز، بۇ ھوقۇقنى بىزدىن جەمئىيەت ياكى شەخسىيەتچى، مۇتەئەسسىپ، قالاق، پىكرى قېتىپ قالغان، مېڭىسى سېسىغان ئەرلەر تارتىۋالغان دەپ جار سالدى. [18]

بۇ «ئايالالار ھەرىكىتى» نىڭ داھىيسى ھۇدا شەئراۋي خانىم بولۇپ، ئۇ ئۆز ئۆيىدىن بىر سالوننى ئەرلەر بىلەن يالغۇز، ھىجابسىز كۆرۈشۈشكە ئاجراتقان. [19]

ھۇدا شەئراۋي ئەينى زاماندىكى پاشالارنىڭ بىرى مۇھەممەد پاشانىڭ قىزى. ئۇنىڭ «خانىم»لىقى ئاتا مىراس. ئۇ فىرانسىيىگە ئوقۇشقا ھىجاب بىلەن مېڭىپ، ھىجابسىز قايتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى بىر تۈركۈم دوستلىرى بىلەن ئۇنى قارشى ئالغىلى ئىسكەندەرىيە پورتىغا چىققان. ھۇدا شەئراۋي پاراخۇتتىن ھىجابسىز چۈشكەندە دادىسى. خىجىللىق ۋە غەزەپتىن تاتىرىپ، باشقا ياققا قارىۋالغان ۋە قىزى بىلەن سالامۇ قىلىشماي قايتىپ كەلگەن. لېكىن، بۇ ھۇدا شەئراۋىينى قىلىقىدىن ياندۇرالمىدى.

---

(18) في أي قرن يا ترى سلبها ذلك [ الحق ] ؟!

(19) انظر في الحديث عن [ الصالونات ] كتاب " واقعنا المعاصر " ص 309 .

فىرانسىيىدىن يۇقتۇرۇپ كەلگەن ئازغۇنلۇقتىن قايتۇرالمىدى. ھۇدا شەئراۋىينىڭ ئەتراپىغا بەزى ئاياللار ۋە ئاياللار مەسىلىسىنى گېزىت-ژۇرناللاردا چاچما ئەسەر ۋە شېئىرلار بىلەن ھىمايە قىلىدىغان ئەرلەر يىغىلدى. خانىمنىڭ سالونىدا لاتاپەتلىك ئولتۇرۇشلار، مەلۇم شەخسلەرگە تەبەسسۇملۇق بېقىشلار قىزىپ كەتتى. خانىمنىڭ نازۇكلىقى، لاتاپىتى، تاتلىق تەبەسسۇمى، ئەر مېھمانلارنى ياخشى كۈتىۋالىدىغانلىقى، يىغىلىش ئۆتكۈزگەنلىكى، ھەرىكەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە ياكى ئاياللار مەسىلىسى ھەققىدە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ، خانىم بەرگەن پۇل بىلەن جان باقىدىغان مۇخبىرلارمۇ كۆپەيدى.

1919-يىلى ئاياللار ئەنگلىيە قوشۇنىنىڭ گازارمىسى ئالدىدىكى قەسرى نىل مەيدانى (ئىسمائىلىيە مەيدانى) دا نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئويۇن يۇقىرى پەللىگە چىقتى.

مىسىردا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، [20] قاھىرە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەھەر كوچىلىرى ئىنگىلىزلارغا قارشى نامايىشلار بىلەن توشۇپ كەتتى. نامايىشچىلار

---

(20) انظر الحديث عن الثورة المصرية في كتاب " واقعنا المعاصر " ص 315 .

يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئۆز تەلىپىدە چىڭ تۇراتتى. ئىنگىلىزلار نامايىشچىلارغا توختىماي ئوق ياغدۇراتتى. ھەركۈنى ھېسابسىز ئادەم جاندىن ئايرىلاتتى.

مۇشۇنداق كەسكىن نامايىش بولۇۋاتقان پەيتتە[21] سەئىد زەغلۇلنىڭ ئايالى سەفىيە زەغلۇلنىڭ[22] باشچىلىقىدا ئاياللار نامايىش كۆتۈردى. نامايىشچى ئاياللار قەسىر نىلدىكى ئىنگىلىزلار گازارمىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشغالىيەتچىلەرگە قارشى شۇئار توۋلىدى. ئاندىن ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بويىچە ھىجابلىرىنى ئېلىپ يەرگە ئاتتى. ھىجابقا ياغ چېچىپ ئوت قويۇۋەتتى... ئايالالار ئازات بولدى! [23]

ھازىر بۇ ئويۇنغا ۋە ئۇنىڭ مەنتىقىسىزلىكىگە كىشى ھەيران قالىدۇ.

---

[21] كانت جادة وإن شابها الانحراف الذي سنتحدث عنه فيما بعد .

[22] ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى سەفىيە مۇستاپا پەھمى بولۇپ، ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ تەسىرىدە ياۋروپالاشقان بۇخوتۇن ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش ئېرىنىڭ فامىلىسىنى قوللانغان... ئاۋام خەلق بۇنى تۇيمىغان ۋە ئىنكار قىلمىغان.

[23] ئايالالار مۇسۇلمانچە ھىجابنى سېلىپ تاشلىغان بۇ جاي – ئىسمائىلىيە مەيدانى مۇشۇ ھەرىكەتنى مەڭگۈ خاتىرىلەش ئۈچۈن «ئازاتلىق مەيدانى» دەپ ئاتالدى.

ئېنگىلىزلارنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى نامايىش قىلىش بىلەن ھېجابنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئوت قويۇشنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟! ھېجابنى مىسىردىكى مۇسۇلمان ئاياللارغا ئېنگىلىزلار زۇلۇم قىلىپ تاڭغان بولسا، ئاياللار ئېنگىلىزلارغا قارشى نامايىش قىلىش جەريانىدا ھېجابنى سېلىپ ئېنگىلىزلارغا تاشلاپ بەرگىنىمىكىنە؟

بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئون ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا ھېجابنى ئاياللارغا ئېنگىلىزلار كېيدۈردىمىكىنە؟! شۇنچە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ھېجابنى ئېلىۋېتىش ھوقۇقىنى ئېنگىلىزلار تارتىۋالدىمىكىنە؟! ئاياللار بۈگۈن ئېنگىلىزلارنىڭ زۇلمىدىن ئازات بولۇپ، ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىپ ۋە زەربە بېرىپ، ھېجابنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئاتتىمىكىنە؟! بۇ ئويۇندا زادى قانداق مەنتىقە بار؟ ھېچقانداق مەنتىقە يوق!

لېكىن، كېيىنكى تەجرىبىلەر بىزگە بۇ مەنتىقىسىزلىق ئىچىدە بىر مەنتىقىنىڭ ئىسلامغا قارشى تۇرۇشنىڭ ياخشى چارىسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈردى.

ئىسلامغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلار «قەھرىمان» بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئۇ قەھرىمانلىقىنىڭ سايىسىدا ئىسلامنى ۋەيران قىلىش پائالىيەتلىرىنى بىخارامان ئېلىپ بارالايدۇ.

كامال ئاتا تۈرك... جامال ئابدۇناسىر... ئەھمەد بىيلا... ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلامغا قارشى تۇرىدىغان «قەھرىمان»لار ئىسلامغا قايسىدۇر بىر ۋاستە بىلەن قارشى تۇرىدىغان چاغدا «قەھرىمان» بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا ئويۇن ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلام دۈشمەنلىرى — يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارغا غالچىلىق قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ قالىدۇ.

خەلىپىلىكنى ۋەيران قىلغان، تۈركلەرنى ئىسلامدىن ئايرىۋەتمەكچى بولغان، ئەرەب تىلىدا ئەزان ئېيتىشنى چەكلىگەن، تۈرك يېزىقىنى لاتىنچىغا ئۆزگەرتكەن، ھىجابنى ئالدۇرىۋەتكەن، سان-ساناقسىز ئىسلام ئۆلىمالىرىنى قىرغىن قىلغان... ئاتا تۈرك قەھرىمان ئىدى. ئۇنىڭ قان تېمىپ تۇرغان قولىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلامغا قارشى ئۆتكۈزگەن چوڭ جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىدە ساختا قەھرىمانلىقلار ئويدۇرۇپ چىقىرىلدى.

مىسىردىكى ئىسلامىي دەۋەت رەھبەرلىرىنى قىرغىن قىلغان، دەۋەتچىلەرنى تۈرمىلەردە جاھان تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەھشى ئازابلار بىلەن قىيىنىغان، مەھكىمە شەرئىيلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، ئەزھەرنى يوق قىلىشقا قەست قىلغان، «ئاياللار ئازاتلىقى»نى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقارغان جامال ئابدۇناسىرمۇ

قەھرىمان ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلامغا قارشى قىلغان چوڭ جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياسالما قەھرىمانلىقلار نىسبەت بېرىلدى.

«ئالجىرىيە ئاياللىرى بۇرۇن ھىجابنى ئېلىۋېتىشكە ئۇنىمىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئۇلارنى بۇنداق قىلىشقا فىرانسىيە چاقىرغان، ئەمما، مەن بۈگۈن ئالجىرىيە ئاياللىرىنى ئالجىرىيە ئۈچۈن ھىجابنى ئېلىۋېتىشكە چاقىرىمەن...» (24)

بۇ يوچۇن باھانە بىلەن ئالجىرىيە ئاياللىرىنى ھىجابنى ئېلىۋېتىشكە چاقىرغان، ئىسلام ئىنقىلابىدا توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ، ئىسلام ئىنقىلابىنى ئىسلامغا يات بولغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئايلاندۇرىۋەتكەن ئەھمەد بىيلامۇ قەھرىمان ئىدى. ئۇنىڭ ھەققىدە فىرانسىيىدىن ئالجىرىيىگە كېتىۋاتقان ئايروپىلاننى قولغا چۈشۈرگەنلىك توغرىسىدا ساختا قەھرىمانلىق توقۇپ چىقىلدى. ئويۇن – قەھرىمانلىق ئويۇنى تازا قىزىغاندا، ئۇ

---

(24) **هنا كشــف ابن بيلا القناع عن الحقيقة ــ بلا قصــد منه ــ حين صـرح بأن قوى الاستعمار الصليبي هي التي تدعو إلى السفور وخلع الحجاب !**

ئىسلامغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا قويۇۋېتىلدى.[25]

ئەمدى بىز 1919-يىلى قاھىرەدىكى ئىسمائىلىيە مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاياللار نامايىشىنىڭ ئىسلامغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغانلارغا «قەھرىمان»لىق ئويدۇرۇپ چىقىرىشىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئىشغالىيەتچى ئارمىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نامايىش توۋلاپ، كۆكرىكىنى ئوققا تۇتۇپ بەرگەن ئاياللار قەھرىمان بولماي قالامتى؟![26]

ھاپىز ئىبراھىم بۇ نامايىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«چىقتى ئۆيدىن ساھىپجاماللار قىلىپ زاكون، ماڭدىم كەينىدىن پايلاپ ئۇلارنى يوشۇرۇن.

قارا رەختتىن تىكىلگەن كىيىملىرى ناگاھان،

---

[25] يقال إنه ــ في محبســـه ــ حين عزل عن الحكم ونفي من الأرض قد عاد إلى الإســلام وأخذ يدعو إليه . ولســنا نكره للناس الهدى . ولكنه في فترة ســلطانه كان مناوئاً صريحاً للإسلام .

[26] لسنا ندري بالضبط من هو صاحب التدبير في خلع الحجاب في أثناء المظاهرة وإحراقه ، ولكن مجريات الأمور تدل على أن ســعد زغلول ــ الصــديق الحميم لقاسم أمين ، الذي شجعه على المضي في الطريق ، ووعده بحمايته ــ كان يبارك تلك الخطوات ويضــع زوجته على رأســها . وانظر كتاب " واقعنا المعاصــر " ص 315 ، في الكلام عن دور سعد في تحويل الثورة من ثورة إسلامية إلى ثورة وطنية مبتعدة عن الإسلام .

ئۇلار گويا قارا تۈندىكى يۇلتۇزلاردەك چاقنىغان.
كېسىپ ئۆتەر يوللارنى دارى سەئدى نىشان،

ماڭار تەمكىن ئۇلار تۈيغۇسى تۇراقلاشقان.

قوشۇن كەلدى بۇدەم ئاتلار تىزگىن سىرىغان،
جاراڭلايدۇ قىلىچلار كۆكرەكلەرگە تىقىلغان.
زەمبىرەك، مىلتىقلار گۇمبۇر-گۇمبۇر ئېتىلغان،
ئاتلىق قوشۇن ئۇلارنى مۇھاسىرگە ئېلىشقان.

قىزىل گۈل، رەيھاننى ئۇلار قورال قىلىشقان.
قوزغىلاڭچى خانىملار ياۋ بىلەن ئېلىشقان،
قورقۇنچتىن گۆدەكلەر شۇ مەھەل قىرىشقان.
يىقىلدى خانىملار ماغدۇرسىز ئاجىزلاشقان، [27]

يېڭىلىپ ئاخىرى ئۆيلىرىگە قايتىشقان».

قەھرىمانلىق سادالىرى ئىچىدە... ھىجاب ئاستا-ئاستا چۈشۈپ كەتتى. ئاۋۋال پايتەختتە، ئاندىن باشقا شەھەرلەردە ئانىلار ھىجابلىق، قىزلار ھىجابسىز يۈرگەن كۆرۈنۈشلەر كۆزگە چېلىقىدىغان بولدى. بۇ كۆچ-كۆچتىكى ئەڭ چوڭ قورالنىڭ بىرى ئوقۇتۇش، يەنە بىرى گېزىت. ئوقۇتۇش جېڭى ئاۋۋال باشلانغۇچ، ئاندىن ئوتتۇرا، ئاندىن ئالىي مەكتەپكە تەرەققىي قىلغىچە ئۈزۈن داۋاملاشتى. دىن دۈشمەنلىرى

---

(27) منة أي قوة .

ئىسلامىي جەمئىيەتتە ئاياللار ۋە ئاياللارنى ئوقۇتۇش ھەققىدە ھۆكۈم سۈرۋاتقان جاھىلىيەت ۋەزىيىتىدىن دەل جايىدا پايدىلاندى. ئۇلار بۇ مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشتە ئۇنى بۆسۈش ئېغىزى قىلدى. بىز ھازىر مەسئۇلىيەت سۈرۈشتە قىلمايمىز، پەقەت تارىخنى ئىزلەپ ماڭىمىز.

دەرۋەقە ئاياللارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغاندەك ئوقۇتمىغانلىرىدا، ئاياللارنى الله ئۇلۇغلىغان ئانا بولۇش، بالا بېقىش ئىشىدا ھاقارەتلىگەندە، ئاياللارغا زۇلۇم قىلغاندا مۇسۇلمانلار ھەقىقەتەن ئېغىر خاتالاشتى:

**( وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُ وَهْناً عَلَى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فِي عَامَيْنِ أَنِ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ )** [28].

«ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق، ئانىسى ئۇنى قورسىقىدا ئۇستى-ئۇستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى، ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. ئى ئىنسان! ماڭا ۋە ئاتا-ئاناڭغا شۈكرى قىلغىن، ئاخىرى قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر» .

---

(28) سورة لقمان ، الآية : 14 .

" **الجنة تحت أقدام الأمهات** " [29].

«جەننەت ئانىلارنىڭ قەدىمى ئاستىدا»

" من أولى الناس بحسن صحابتي ؟ قال : أمك . قال : ثم من ؟ قال : أمك . قال : ثم من ؟ قال : أمك . قال : ثم من ؟ قال : أبوك " [30] .

«مېنىڭ ياخشى ھەمراھ بولۇشىمغا كىم ئەڭ لايىق؟ ئاناڭ، دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ئاندىن قالسىچۇ؟ ئاناڭ، دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ئاندىن قالسىچۇ؟ ئاناڭ، دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. ئاندىن قالسىچۇ؟ داداڭ، دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.»(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

بۇ خاتالىقتىن پايدىلىنىپ، تەتۈر تەشۋىقات قىلغانلارنىڭ ھەقىقى مەقسىتى ئاياللارنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئەمەس، بەلكى، ئۇلارنىڭ تەگ مەقسىتى ئىسلامنى پاچاقلاش؛ ئاياللارنى يېرىم يالىڭاچ كوچىغا چىقىرىپ، ئىسلامىي جەمئىيەتنى بۇزۇش؛ جەمئىيەتكە يامرىغان ئەخلاقىي قالايمىقانچىلىقلارنى

---

[29] **رواه أحمد والنسائي .**

[30] **متفق عليه .**

كىشىلەرگە يوچۇن تۇيۇلمايدىغان قىلىش؛ ئۇلارنى ئۆزى قىلغان بۇقىلىقلارنى ئىنكار قىلمايدىغان، پۇشايمان قىلمايدىغان، بەلكى، شۇنداق قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، شۇنداق قىلىشقا قىزىقىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش... غەربنىڭ تەجرىبىسى سۇيقەستچىلەرنىڭ ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئىسلامىي جەمئىيەتمۇ غەرب ماڭغان قەدەم بويىچە، غەرب ماڭغان يۆنىلىشكە قاراپ ماڭسا، قايسى ھالغا چۈشىدىغانلىقى ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان.

تەبىئىيكى، ئالدام خالتىغا چۈشكەن ئىخلاسمەنلەرمۇ يوق ئەمەس. لېكىن، ئىخلاسمەنلىك بىلەن غاپىللىقنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. غاپىللار شەيتانلارنىڭ ياردەمچى قورالى. شەيتانلار ئۇلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز تەشەببۇسىنى كۈچەيتىدۇ. چۈنكى، ئىخلاسمەن غاپىللارنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇلارغا ئەگىشىدۇ-دە ، شەيتانلارنىڭ مەقسىتى ئىشقا ئاشىدۇ!

االله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن، بۇزۇلغان جەمئىيەتتىكى ئەھۋاللارنى تۈزەپ، زۇلۇم قىلىنغانلارنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزماقچى بولغان ئىخلاسمەن ئىسلاھاتچىلار مۇنداق بىر يولغا - دەۋەت قىلىش، جىھاد قىلىش، ئىسلامىي جەمئىيەتنى ئۆزىنىڭ توغرا سۈرىتىگە قايتۇرۇش يولىغا ماڭسا

بولاتتى. لېكىن، ئەينى زاماندىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ھېچبىرى بۇ يولغا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلمىدى. بەلكى مۇنداق بىر تەڭلىمە داۋاملاشتى: يا قالاق، قاتمال زۇلۇملۇق يامان ھالەتنى ساقلاپ قېلىش؛ يا ئىسلامنى چۆرۈپ تاشلاپ، دىندىن چىقىپ، تەرەققىي قىلىش ۋە ھەزارەتلىشىش ئۈچۈن ياۋروپاغا يۈزلىنىش. ئىسلامىي جەمئىيەتنى قايتا قۇرۇش تەشەببۇسى اللّٰه نىڭ تەقدىرى بىلەن يېتىپ كەلگەن ۋاقىتدا ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن ئەڭ ۋەھشى زەربە ۋە ئېكىسپالاتاتسىيىگە ئۇچرىدى. «ئىسلاھاتچىلار» تەرىپىد-ىن كەسكىن رەت قىلىش ۋە يۈز ئۆرۈشكە ئۇچرىدى. بۇ ئەھۋال ئىسلامىي جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان «ئىسلاھات» چىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەقىقى يۆنىلىشنى ۋە بۇ ئىسلاھاتچىلىقنىڭ ئىسلاھ قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىسلامنى ۋەيران قىلىش ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى...

ھىجاب مەكتەپ قىزلىرى ئارقىلىق ئاستا-ئاستا چۈشۈپ كەتتى! مىسسىئونېرلار قورولتايلىرى ئىسلامغا قارشى پىلان تۈزگەنلىرىدە مۇسۇلمان ئايالالارنى ئوقۇتۇش ۋە ئازات قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى قەيت قىلىشمىغانمىدى؟! دەسلىۋىدە يېرىم يالىڭاچلىق، ھاياسىزلىق مەكتەپ قىزلىرىنىڭ خاراكتېرى ئەمەس ئىدى. بەلكى، بۇنداق ئىش مەكتەپلەردە زادىلا راۋا كۆرۈلمەيتتى. تەبىئىيكى

بۇنىڭدىكى مەقسەت ئايدىڭ. ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت بۇنداق ئىشقا يول قويمايتتى، ئىشنىڭ بېشىدىلا پىلان ئاشكارىلىنىپ قالسا ئۇنى ئىجرا قىلغىلى بولمايتتى. بەلكى، بۇ پىلان بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقۇپ كېتەتتى! مەكتەپ قىزلىرى مەكتەپكە كىرىپلا ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن يىراق لا چىقىپ كەتسە، قىز ئىگىلىرى قىزلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتەتتىمۇ؟!

ھەرگىز ئەۋەتمەيتتى. قىز ئىگىلىرىنى تولۇق خاتىرجەم قىلىش كېرەك. شۇندىلا ئۇلار قىزلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتىدۇ. پىلانمۇ كاشىلا پەيدا قىلماسلىق ئۈچۈن كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە تولۇق ئىشقا ئاشىدۇ. تەدرىجى... ئاۋۋال باش كىيىمنىڭ سىرتىغا چاچ ئازراق چىقىپ قالىدۇ، بەلگە تاشلانغان ئۆرۈمە چاچلار لىنتا بىلەن باغلاپ قويۇلىدۇ. ئۆرۈمە چاچ ئوچۇق، ئەمما، باش تاش كىيىمنىڭ بۆكى ئىچىدە. يۈز ئوچۇق... شۇنداق، بۇلار كىچىك تۇرسا، نېمە بولىدۇ، قېرىندىشىم؟!

بۇ ئىش ھەقىقەتەن ئاسانغا توختىمىدى... لېكىن، ئاخىرى پۈتتىغۇ! قەدەملەر بىر-بىرلەپ ئېلىندى. ھەتتا كۆكرەكلەرمۇ، دۈمبىلەرمۇ، پاچاقلارمۇ، بىلەكلەرمۇ، يالىڭاچ ساھىللارمۇ، ھاياسىز كوچىلارمۇ ئېچىلدى.

بۇ ئىشلار قانداق يۈز بەردى؟

شۈبھىسىزكى، بۇ ئىش نۇرغۇن نەرسىلەردىن دالالەت بېرىدۇ... توغرا، ئاۋۋال مىسىر جەمئىيىتىنى، ئاندىن باشقا ئىسلامىي جەمئىيەتلەرنى بۇزۇش ئۈچۈن شەيتانلار تىرىشتى. رادىئو، كىنو، سەھنە ئەسەرلىرى، گېزىت... قاتارلىق ۋاستىلار شەيتانلارغا ھەمكارلاشتى. ھۇجۇم كۈچلۈك، ۋاستىلەر ئۈنۈملۈك بولدى... لېكىن بۇنىڭ بىلەن يۈز بەرگەن ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؟

مەزكۇر ۋاستىلار ھېلىھەم ئىشلىتىلمەكتە. ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئىشلىتىلمەكتە. بۇ ۋاستىلار يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋامىدا ناھايىتى چوڭ دىنسىزلىق دولقۇنى پەيدا قىلدى... شۇنداقتىمۇ، مۇشۇ كۈنلەردە ئالىي مائارىپ سەۋىيىسىگە ئىگە ھىجابلىق قىزلار بار. ئۇلار ھىجاب ئۈچۈن تۈرمىلەرگە قامالسىمۇ ھىجابتىن ۋاز كەچمەيۋاتىدۇ.

نېمە پەرق بار؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ئەينى ۋاقىتتا چۈشۈپ كەتكەن ھىجاب ئەقىيدىگە باغلىنىشلىقمىدى، ياكى ئەنئەنىگىمۇ؟

چۈشكۈنلەشكەن ئەخلاق ھەقىقى ئىمانغا باغلىنىشلىقمىدى، ياكى ئەنئەنىگىمۇ؟ مەكتەپ قىزلىرى يۈزلىرىنى ئېچىۋەتكەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەر ئەقىدە ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنمۇ، ياكى ئەنئەنە ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنمۇ؟ ئاياللار ئىشلىگىلى كوچىغا چىققاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەر ھەقىقى دىنى ئەقىدىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنمۇ، ياكى تەلۋىلىك ئۇلارنى قوزغاتقانمۇ؟ ئاياللارنى كۈنلەش ئۇلارنى سەكرەتكەنمۇ؟

ھىجاب ئەقىدىگە باغلانغاندا ۋەيران قىلىش ۋاستىلىرى ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ ھەرگىز چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەخلاق ھەقىقى ئىمانغا باغلانغاندا بۇزغۇچىلىق ئامىللىرى ھەرقانچە كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ چۈشكۈنلەشمەيدۇ. ئەمما روھىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەنئەنە... قۇرۇق تەلۋىلىك ئېغىرراق بېسىمغا ئۇچرىسا يىمىرىلىپ كېتىدۇ. بېسىم ئەمەلىيەتتە بەك كۈچلۈك بولدى. شەيتانلار بار كۈچى بىلەن بېسىم قىلدى.

يۇقىردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەكتەپ قىزلىرى كوچىلاردا يۈزى ئوچۇق مېڭىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇلار بىلەكلىرىنى، پاچاقلىرىنى يۆگەيدىغان ئۇزۇن كىيىملەرنى كىيىپ ئەدەپ بىلەن رۇس ماڭدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلمايمۇ ئامالى بارمىدى؟

ئۇياق-بۇياققا قاراپ ماڭساڭ تۇگىمىسەن، جەمئىيەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىسەن، باشقىلارغا ئىبرەت بولۇپ قالىسەن. شۇنداق پىچىرلايتتى قىزلارغا شەيتانلار. بۇ ئەھۋالدا كىممۇ ئۇياق-بۇياققا قاراپ ماڭالايدۇ؟ ھەركىم تولۇق ئەدەپ ساقلاپ، قىلىپ ئىچىدە ماڭىدۇ.

قاھىرەدە ئېچىلغان تۇنجى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى - «سەنىيە مەكتىپى» نىڭ نازىرى بىر ئېنگىلىز ئايال بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىگە رىئايە قىلىشتا مۇتەئەسسىپلىك دەرىجىسىگە يەتكەن «يۇقىرى چوققا» ئىدى. ئىشلار دەسلىۋىدە شۇنداق بولۇشى كېرەك. پىلان يىلتىز تارتىپ، ئاستا-ئاستا يوغىناپ باراقسانلىشى كېرەك ئىدى! دەسلەپتە يامان نىيەت ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئوتتۇرا مەكتەپكە بىرمۇ قىز كىرگىلى ئۇنىماي پۈتۈن پىلان سۇغا چىلىشاتتى.

بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش كافېدراسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ساپلا ئايال ئىدى. پەقەت ئايال ئوقۇتقۇچى تېپىلمىغاچقىلا ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئەر ئىدى. بىراق بۇ ئەر ئوقۇتقۇچى ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدە تەقۋادار دەپ قارالغان ياشانغانلار ئىچىدىن تاللاپ قويۇلاتتى. بۇ مويسىپىت ئەمەلىيەتتە ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ ئالدىدا كۆيۈمچان، ھۆرمەتكە سازاۋەر دادا. پۈتۈن مەكتەپ بويىچە مەكتەپنىڭ كاتىپىدىن باشقا

ئەر خىزمەتچى يوق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا ئاتا-ئانىلارنى كۈتۈۋېلىش، مەكتەپنىڭ ھېساب-كىتابلىرىنى قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، مەكتەپكە ئارىلاشمايتتى. دەرۋازىۋەنلىككىمۇ ئۆزىنى توختاتقان قىرى ئادەملەر قويۇلدى. ئوقۇغۇچى قىزلار دەرۋازىۋەننى چاقىرىشقا توغرا كەلسە، »تاغا« دەپ چاقىراتتى.

قىزلار مەكتەپكە ئۈستى يېپىق هارۋىلار بىلەن كېلىپ، يەنە شۇنداق هارۋىلار بىلەن ئۆيىگە قايتاتتى. هارۋا كىراسىغا چىقىنالمىغانلار قىزلىرىنى ئەتىگىنى مەكتەپكە بىللە ئېلىپ كېلىپ، كەچتە يەنە كېلىپ ئەكىتەتتى. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت قىزلارنى يولدا يالغۇز ماڭدۇرماسلىق ئىدى.

دادىلارغا يەنە بۇنىڭدىن ئارتۇق نېمە كېرەك؟

«نازىر ھەزرەتلىرى» قىزلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىغا قىز ئىگىلىرىدىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. توۋا! بىر ئېنگىلىز خوتۇن- ھە! ئېنگىلىزلار ھەققىدە نېمە دېسەڭ دە ! ئەمما، ئۇلارنىڭ ئادەم تەربىيىلەشتىكى زىللىقىغا قىل سىغمايدۇ!

ئەملىيەتتە، قىزلار مەكتىپىدە مەقسەتلىك ھالدا ئوغۇللارچە دەرس ئۆتۈلدى... بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت دەماللىققا ئاشكارىلانمىدى...

قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوغۇللارغا تۈزۈلگەن پروگراممىلارنىڭ ئۆزىنى ئۆگەندى. ئەينى ۋاقىتتا قىزلارنى باشلانغۇچتىن يۇقىرى ئۆرلىتىپ ئوقۇتۇشقا قارىتا، قىزلار نىكاھلىنىش يېشىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، ئائىلە باشقۇرۇشقا يارىمايدىغان چوڭ بولۇپ، ئاياللىق ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، دەيدىغان ئېتىراز بار ئىدى. بۇ ئېتىرازغا قارىتا مەكتەپ ئائىلە ئىشلىرى، بالا بېقىش... دېگەندەك ئايالچە دەرسلەرنىمۇ قوشۇمچە قىلدى. بۇ ئارقىلىق قىزلارنى ياخشى ئانا بولۇشقا تەربىيەلەۋاتقاندەك تۈيغۇ بەردى. قىزلارنىڭ نىكاھلىنىش يېشىدىن ئۆتۈپ كېتىشىگە قارىتا نىكاھلىنىش يېشى چوڭايتىلىپ، ئون ئالتە ياشتىن بۇرۇن نىكاھلىنىشنى چەكلەيدىغان قانۇن چىقىرىلدى. كېچىكىپ توي قىلىش تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن چىرايلىق كۆرسىتىلدى. كېچىكىپ توي قىلىش ئاخىرى ئەمەلىيلەشتى. ئون ئالتە ياشتا ئەمەس، ئوتتۇز ياشتىن ئۆتكەندىمۇ توي قىلمايدىغانلار كۆپەيدى. قىزلارنىڭ ئائىلە ئىشىنى قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشىغا قارىتا ئاز-تولا ئۆي ئىشلىرى ۋە بالا بېقىش دەرسلىكلىرى قوشۇمچە قىلىنىپ، ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل ئۇزارتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇللار بەش يىلدا ئوقۇغاننى قىزلار ئالتە يىلدا ئوقۇيدىغان بولدى. ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەرنىڭ غەلۋىلىرى بېسىقىپ، قىزلارنىڭ

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشى ئومۇمىيۈزلۈك ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئايالچە دەرسلەر ئاستا-ئاستا ئازايتىلىپ ئاخىرى يوق قىلىندى. قىزلارنىڭ دەرسى ئوغۇللارنىڭ بىلەن تامامەن ئوخشاش قىلىندى. ئالتىنجى يىللىق ئوقۇشمۇ بىكار قىلىندى. قىزلار ئوغۇلچە بەش يىل ئوقۇپلا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا يېڭى مەسىلە – ئالىي مەكتەپكە كىرىش مەسىلىسى بار!

تارىخنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەيلى!

ئاۋۋال قاھىرەدە، ئاندىن ئىسكەندەرىيەدە، ئاندىن باشقا شەھەرلەردە قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى كۆپەيدى... ئەنگلىيىلىك ئايال نازارەتچىنىڭ تۈتۈشىمۇ بوشىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا مەكتەپ ئىچىدىكى تۈزۈمدىن باشقىسى مۇھىم ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ قىزلارنىڭ ئەخلاقىغا بۇرۇنقىدەك بەك كۆڭۈل بۆلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى مىسىرلىق ئايال نازىرلارنىڭ تۈزۈمى تېخىمۇ بوش چىقتى، ئەخلاقتا ئەھمىيەت بېرىشى تېخىمۇ سۇس بولدى.

ئىشلار بىر مەزگىل رىتىملىق ماڭدى، قىزلار مەكتەپلىرىدە ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ مەكتەپ تارلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەرلىك مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ مەكتەپلەرمۇ ئېنگلىزلار بىلەن ئوخشاش يولدا، ئوخشاش نىشانغا قاراپ ماڭدى.

كىشىلەر ئەمدى قىزلىرىدىن ئەنسىرىمەيدىغان، قىزلىرىنى مەكتەپكە بىللە ئاپىرىپ ئەكەلمەيدىغان بولدى. يوللاردا يالغۇز يۈرىدىغان قىزلار كۆپەيدى. ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگەمدۇ؟

ھەرقانداق جەمئىيەتتە جەمئىيەت ئەنئەنىلىرىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان جۈرئەتلىك قىزلار، جۈرئەتلىك ئوغۇللار[31] ھەرقاچان چىقىپ تۇرىدۇ. ئەخلاقى چىڭ جەمئىيەتتە بۇنداق جۈرئەتلىكلەر دەرھال چەكلىنىدۇ، يۇقۇم تىزگىنلىنىدۇ، باكتېرىيە كۆپىيىپ بولغىچە تازىلىنىدۇ. ئەمما ئەخلاقى بۇزۇلغان جەمئىيەتتە چەكلەش بولمايدۇ، ياكى ئۈنۈملۈك چەكلەش بولمايدۇ، باكتېرىيە كۆپىيىدۇ، ئاخىرى بېرىپ ۋابا تارقىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه ئىنسانلار ئىچىدىن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتنى مۇنداق ماختايدۇ:

**( كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ )** [32] .

«سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىقنا بۇيرۇپ يامانلىقتىن

---

(31) أقيمت في شواطئ الأسكندرية (ونشرتها الصحف ! ) مسابقة بعنوان [ أبو عيون جريئة] ! يكون الفائز فيها هو أوقح الشبان وأقلهم حياء وأدباً .

(32) سورة آل عمران ، الآية : 110 .

توسىدىغان، اللّٰه قا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر» .

ئىنسانلار ئىچىدىن چىقىرىلغان ئەڭ يامان ئۈممەتكە مۇنداق لەنەت قىلىدۇ:

**( لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا مِنْ بَنِي إِسْرائيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُدَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوْا وَكَانُوا يَعْتَدُونَ ، كَانُوا لا يَتَنَاهَوْنَ عَنْ مُنْكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُوا يَفْعَلُونَ )** [33] .

«بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن لەنەت قىلىندى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى، ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان» !

قىممەت قاراش ۋە ئەخلاق روھتىن خالىي «ئەنئەنە»گە ئايلىنىپ كەتكەن جەمئىيەتتە ئىنكار قىلىشلار ۋە زاكونلىشىشلار بولىدۇ. لېكىن، باكتېرىيەنى تازىلىيالايدىغان ئۇنۇملۇك چەكلەش بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن باكتېرىيە ساقلىنىپ قالىدۇ، ئاستا، لېكىن، مەزمۇت تارقىلىدۇ. ھىجرىيە ئون تۆتىنچى ئەسىردە ئەھلى سەلىبلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتقان مىسىر

---

(33) سورة المائدة ، الآيتان : 78 ، 79 .

جەمئىيىتىدە ۋە پۈتۈن ئىسلامىي جەمئىيەتتە شۇنداق بولدى. قىممەت قاراشلارنىڭ ساقىندىلىرى ۋە دىنىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالدى. لېكىن، روھتىن خالىي بولۇپ قالغان بۇ ئەنئەنىلەر بۇزۇقچىلىقنى تەرەققىيات، ئازاتلىق ۋە ئىلغارلىق دەپ بىزەيدىغان ھۇجۇم بورانلىرىغا ئۇزاق بەرداشلىق بېرەلمىدى.

جۈرئەتلىك ئوغۇللار قىزلارغا ياپتا ياكى ئاشكارا سۆز تاشلاشقا باشلىدى. جۈرئەتلىك قىزلار ئۇنداق ئوغۇللارغا قايرىلىپ قاراپ ماڭىدىغان بولدى. بۇ قىزلار شۇنداق قىلغىنى ئۈچۈن ئەخلاقى بۇزۇق دەپ قارىلىپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇلار پەرۋا قىلماي كەتمىدى. قىزلارغا ساقال تاشلايدىغان يىگىتلەرمۇ قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان بولدى... ئەمدى بۇ ئىشلار كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىڭىپ قالدى... مەكتەپ بالىلىرىنىڭ دائىملىق قىلىقىغا ئايلاندى. بۇ ھەقتە ئەمرى-مەئرۇپ قىلىشمۇ توختىدى. شەيتانلار خۇش بولدى.

ئاستا-ئاستا مەكتەپ قىزلىرىنىڭ كىيىمى ئۆزگەردى. ئىشتانىنىڭ پاچىقى ئازراق قىسقاردى. بۇنىڭغا نېمە بولىدۇ؟ ئېچىلىپ قالغان يەرنى پايپاق يۆگەيدىغۇ؟ يەڭ ئازراق قىسقاردى، پەقەت نەچچە سانتىمىتىرلا...

بۇنىڭغا نېمە بولىدۇ؟ يەڭ-پەشلەر قىسقارغان بىلەن ئاسمان دۆم كۆمتۈرۈلۈپ كېتەمتى؟ پىششىققا تولغاۋەرمەڭلار، مۇتەئەسسىپلار!

بۇ ئىشلارمۇ كۆزگە سىڭىپ قالدى. يەڭلەر، پەشلەر، پايپاقلار يەنە نەچچە سانتىمېتىر قىسقاردى... قانچە قىسقارغانسېرى ئاياللارنىڭ اللّٰه يۆگەشكە بۇيرۇغان جايلىرى شۇنچە ئوچۇق قالدى!

ئوھۇش، مۇتەئەسسىپلار! ئەخلاق، ئەخلاق دەۋرىدىكەنسىلەر، جەننەت، دوزاخ دەۋرىدىكەنسىلەر! كىيىم نەچچە سانتىمېتىر قىسقارغانغا ئەخلاقىقا دەز كېتەمتى؟ ھەي قاتماللار! ئەخلاقنى كىيىم بىلەن ئۆلچەمسىلەر؟ ئەخلاق دېگەن قىممەت قاراش دېگەن گەپ، قىممەت قاراش دېگەن كۆڭۈلدە بولىدۇ. قىزلارنىڭ كۆڭلىدە قىممەت قاراش بولغانىكەن، كوچىدا يالىڭاچ ماڭسىمۇ بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ!

ئوتتۇرا مەكتەپ قىزلىرى، پېداگوگىكا مەكتەپ قىزلىرى، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ مائاشلىق بولغان مۇئەللىمەلەر - كوچىدا يېرىم يالىڭاچ يۈرىدىغان ئاياللار كۆپەيدى... بۇ چاغدا مودىلار ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى...

ئاياللار كېيىنلىرى ۋە باشقا كېيىنلەر مەخسۇس ئاياللار سىتونى ئاجرىتىپ، ئاياللارغا »مودا«

سوۋغاتلىرى ۋە نەسىھەتلەرنى تەقدىم قىلىشقا باشلىدى.

نەسىھەتلەر ناھايىتى ئېپپەت ئىچىدە بەكمۇ نورمال باشلاندى. قانداق قىلغاندا ئېرىڭىزنىڭ مۇھەببىتىنى ساقلاپ قالالايسىز؟ ئىسلام ئاياللىڭ ئېرىگە ياسىنىپ چىرايلىق كۆرۈنۈشىگە يول قويامدۇ؟

بىز پەقەت سۈرەت بىلەن نەسىھەت قىلماقچى، چۈنكى، بىز ھەممە نەرسىنى سۈرەت بىلەن ئىزاھلايدىغان رەسىملىك ئاخبارات دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز.

بۇ قەدەممۇ ئۇتۇقلۇق بولدى. ئاياللارنى دىنىنىڭ، ئەخلاقىنىڭ، ئەنئەنىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازات قىلىشقا يەنە بىر قەدەم ئالايلى!

دەسلەپكى باسقۇچتا ئەر ئۈچۈن ياسىنىش دېگەنتۇق، ئەمدى گەپنى ئوچۇقراق قىلايلى!

قانداق قىلغاندا ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىڭىزگە تارتالايسىز؟ شۇنداق، نېمىگىز بىلەن ئەرلەرنى ئۆزىڭىزگە قارىتالايسىز؟

ئېرى يوق ئاياللار ياسانامدۇ؟ ئەر ئىزدەۋاتقان قىزلار قانداق قىلىدۇ؟ ياسىنىپ، «ھالال جۈپ»نى تورغا ئېلىندۇرامدۇ؟ ھالال جۈپ تورغا چۈشمىسە، تېخىمۇ

ياسىنىش كېرەك. مۇنداق كۆينەك كۆكرەك گۈزەللىكىڭىزنى نامايەن قىلىدۇ، مۇنداق كۆينەك دۈمبە گۈزەللىكىڭىزنى نامايەن قىلىدۇ. مۇنداق كۆينەك پاچاق گۈزەللىكىڭىزنى نامايەن قىلىدۇ. مانا بۇ مودا ژۇرنىلىنىڭ ئاياللار سىتونىدىكى سۆزلىرى. مودا ژۇرنىلى توختىماي تەرەققى قىلدى. ئاخىرى پۈتۈن بەدەن گۈزەللىكلىرىنى نامايەن قىلدى. مىسىر گېزىتلىرى مودا ژۇرنىلىغا غىرىچمۇ-غىرىچ، گەزمۇ-گەز ئەگەشتى. (34)

**قال رسول الله صلى الله عليه وسلم : " لتتبعن سنن من قبلكم شبراً بشبر وذراعاً بذراع ، حتى إن دخلوا جحر ضب دخلتموه . قالوا : من يا رسول الله ؟ قال : اليهود والنصارى "! (35)**

«سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ يوللىرىغا غىرىچمۇ غىرىچ، گەزمۇ-گەز ئەگىشىسىلەر، ھەتتا ئۇلار كىلەنىڭ ئۇۋىسىغا كىرسە سىلەرمۇ كىرىسىلەر. ساھابىلەر: ئۇلار دېگەنلىرى كىم؟ دەپ سورىۋىدى- پەيغەمبەر

---

(34) هـذه العبـارات وردت بنصـــها في مجلات [ المودة ] وفي [ ركن المرأة ] في المجلات التي تخصص ركناً للمرأة .

(35) [ أخرجه الشيخان ] .

ئەلەيھىسسالام يەھۇدىي ۋە ناسارالار، دەپ جاۋاب بەردى.»( بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

ھەي مۇتەئەسسىپلار ئالىي مەكتەپ دەۋرى يېتىپ كەلدى. سىلەر ئائىلاڭلارنى ئوقۇتۇشقا، ھەتتا باشلانغۇچتا ئوقۇتۇشقىمۇ قارشى تۇرىسىلەر! قىزلار ئۆي ئىشىدىن باشقىغا يارىمايدۇ، قىزلار ئوقۇيالمايدۇ... دەيسىلەر. مانا بۈگۈن ئوقۇۋاتقان قىزلار سىلەرگە جەڭ ئېلان قىلدى. [36]قىزلارمۇ ئوغۇللار ئوقۇغان دەرسنى ئوقۇپ ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىغا كەلدى. قىزلار ئوغۇللارغا يېتىشىۋېلىپلا قالماستىن بەلكى كۆپ جەھەتلەردە ئېشىپ كەتتى![37]

قىزلار مانا ئەمدى ئالىي مەكتەپكە كىرىش لاياقىتىگە ئېرىشتى، ئەمدى نېمە دەيسىلەر قاتماللار!

[36] هذه هي [ حكمة ] تعليم الفتاة على منهج الفتيان ، ليصبح هناك وجه لقضية [ المساواة ] بين الجنسين ، التي تصل في النهاية إلى المساواة في [ حق ] الفساد ! وهناك حكمة أخرى لا تقل عنها حكمة هي إلغاء [ قوامة ] الرجل على المرأة أو خلخلة أساسها على الأقل بعد أن [ يتساويا ] في نوع التعليم !

[37]قىزلارنى ئوغۇللارچە ئوقۇتۇشنىڭ سەۋەبى ئەمدى ئاشكارىلاندى. ئەسلى ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى، ئاياللارنىڭمۇ بۇزۇقچىلىق قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىش؛ ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئەرلەرنىڭ ئائىلە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش

قىزلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىنى ھىمايە قىلغۇچىلار بىلەن قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ياۋروپادا بولغاندەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان جەڭ بولدى...(

«پۈتۈن دۇنيادىكى ئاياللار ئوخشاش، ئاياللار مەسىلىسى ۋە رولىمۇ ئوخشاش. بىر ئىككى ئەسىر بۇرۇن ياۋروپا ئاياللىرى ئەرلەر بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇتتۇپ چىقتى. بىزنىڭ ئاياللىرىمىزمۇ شۇلاردەك قىلىپ شۇلار ئېرىشكەن نەتىجىگە ئىرىشەلەيدۇ.» [38]

مانا بۇ قىزلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىنى ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ سۆزى.

دەرۋەقە كۆپلىگەن ئەللەردە شۇنداق ئىشلار بولدى. لېكىن، ھىمايە قىلغۇچىلار بىر قانچە ئىشلارنى ئۇقمايتتى.

بىرىنجى: ئۇلار ئۇقمايتتىكى، جاھاندىكى ئىشلار ئۇلار ئويلىغاندەك تەكشى ئەمەس ئىدى. خەلقئارا ئاپپاراتلار ھەممە ئىشنى ئۆز مەنپەئەتىگە توغرىلاپ قىلاتتى.

ئىككىنجى: ئۇلار ئۇقمايتتىكى، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ مەسىلىسى ياۋروپادىكى ھەدىلىرىنىڭ مەسىلىسىگە ئوخشىمايتتى. ياۋروپالىق ھەدىلەر (ياۋروپالىق خوتۇنلار مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھەدىسى

---

(38) تحدثت عن هذه المعركة في كتاب [ مذاهب فكرية معاصرة ] .

ئەمەس، چۈنكى مۇسۇلمان ئايالنىڭ كاپىر ھەدىسى بولمايدۇ.) نىڭ مەسىلىسى بار ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى ئىلاھىي يول بويىچە ماڭمايتتى. بۇ جەمئىيەتتە ئىنسان ئىنسانغا قانۇن تۈزەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زۇلۇم قىلاتتى. بۇ جايدىكى تەڭسىزلىك ئىنسانلار تۈزگەن قانۇن ياكى ئۆرپ-ئادەتتىن كەلگەن ئىدى. ئۇلار، ياكى ئۇلارنىڭ شەيتانلىرى بۇ مۇشكۈلچىلىككە قارىتا بىر خىل ھەل قىلىش چارىسى تاپتى. بۇ چارە ئاخىرى ئۇلارنى سورۇقچىلىققا سالدى. ئائىلىلەر بۇزۇلدى. جەمئىيەت چۈشكۈنلەشتى. ئەرمۇ-ئايالمۇ بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. بالىلار سەرگەردان بولدى. جىنايەت يامرىدى. يېتىمسىراش، بىئاراملىق، مەجنۇنلۇق، روھىي كېسەل، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش، ھاراقكەشلىك، زەھەر چېكىش ئەۋج ئالدى.

ئەمما مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ تەڭسىزلىك مەسىلىسى مۇسۇلمان ئايال ياشىغان جەمئىيەت ئۆزى ئەقىدە قىلغان ئىلاھىي يولغا ئەستايىدىل رىئايە قىلماي، جاھىلىيەتنىڭ بۇزۇق ئۆرپ-ئادەتلىرىگە يېنىۋالغانلىقىدىن كېلىپ چىقتى.

بىر ياكى بىر ئوخشاش زۇلۇم ھەرخىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. شۇڭا ھەل قىلىش چارىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مۇسۇلمان ئاياللار مەسىلىسىنى

ھەل قىلىش چارىسى ئىلاھىي يولغا ھەقىقىي قايتىش ۋە ئۇنىڭغا ئەستايىدىل رىئايە قىلىشتۇر. ھازىرقىدەك قارىغۇلارچە غەربلىكلەر ماڭغان يولدا مېڭىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

ھەقىقەت شۇكى: ئىلاھىي يول بارلىق ئىنسانىي مۇشكۇلچىلىكلەرنىڭ ھەل قىلىش چارىسى. ياۋروپا ئىلاھىي يولغا ئىشىنىپ، ئۇنى ئىجرا قىلغان بولسا ئىدى، ياۋروپانىڭ ھەممە مۇشكۇلچىلىكلىرى ھەل بولغان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارلا ئىلاھىي يولنى بويلاپ ماڭىدۇ، ياكى ماڭىدۇ دەپ قارىلىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇ يولدىن چەتنىگەندە ئىسلاھاتچىلار نەسىھەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئىلاھىي يولنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىشقا قايتۇرۇپ كەلسە، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشكۇلچىلىكلىرى ھەل بولىدۇ، ئەھۋالى ياخشىلىنىدۇ. ئەمما، ياۋروپاغا ئەگىشىش بىلەن، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ياۋروپالىق خوتۇنلار ماڭغان يولدا مېڭىشى بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ. ياۋروپالىق خوتۇنلارنىڭ مەسىلىسىمۇ ھەل بولمىدى. ئەكسىچە ئاياللارمۇ ۋە پۈتۈن جەمئىيەتمۇ ياۋروپالىقلار قالغان يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە قىلىپ بولدى.

لېكىن، ئەينى ۋاقىتىدا قىزلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشىنى ھىمايە قىلغۇچىلار بۇنى ئازراقمۇ

چۈشەنمەيتتى... ھىمايە قىلغۇچىلار ئەينى ۋاقىتتا تۆۋەندىكى ئىككى پىرقىنىڭ بىرىگە تەۋە ئىدى:
بىرىنچى پىرقە بۇ يولنىڭ جەمئىيەتنى ياۋروپانى بۇزغاندەك بۇزىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇنداق بولۇشنى خالايتتى ۋە شۇنىڭغا تىرىشاتتى. چۈنكى،

«ئۇلار مۇئمىنلار ئىچىدە پاھىشىنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەرئىدى. [39]»

**( إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَنْ تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لا تَعْلَمُونَ )**

« مۆمىنلەر ئۇستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر »[40]

ئىككىنچى پىرقە غەربكە قۇل بولۇپ ئالدانغان غاپىللار بولۇپ، ئۇلار غەرب توغرا كۆرگىنىنى توغرا

---

[39] راجع إن شئت فصل [ دور اليهود في إفساد أوروبا ] من كتاب [ مذاهب فكرية ] .

[40] سۈرە نۇر -19ئايەت

كۆرەتتى. غاپىللىق ۋە قۇللۇق ئىچىدە خوجىلىرىمىز خاتالاشمايدۇ دەپ ئويلايتتى.

بۇ ئىككى پىرقە ئىسلام جەمئىيىتىدە خرىستىئانلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ [41] كەتمىنىنى چاپىدىغانلار ئىدى. [42] بۇلارنىڭ دېيىشىچە، قىزلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئاياللار مەسىلىسىنىڭ تەقەززاسى ئىكەن.

ئىسلام ئاياللارنىڭ ئوقۇشىغا ۋە باشقا ھەرقانداق پائالىيىتىگە مۇنداق ئىككى شەرتنى قويىدۇ.

ئالىي مەكتەپتە ياكى باشقا مەكتەپلەردە ئوقۇش مۇسۇلمان ئاياللارغا نىسبەتەن ھېچقانداق مەسىلە ئەمەس. چۈنكى، ئىسلام ئاياللارنى ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن توسمايدۇ، بەلكى، ئىلىم تەھسىل قىلىشقاچاقىرىدۇ ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىشنى پەرز قىلىدۇ. لېكىن، ئىسلام ئاياللارنىڭ ئوقۇشىغا ۋە

---

(41) إلا أن يكون هو ذاته صـليبياً كسـلامة موسـى فهو يشـارك في تنفيذ المخطط الصليبي مدفوعاً بصليبيته الذاتية .

(42) كان لليهودية مشـاركة ضـخمة في تحطيم الدولة الإسـلامية والمجتمع الإسـلامي لأهداف عدة من بينها إنشاء الدولة اليهودية في الأرض الإسلامية .

باشقا ھەرقانداق پائالىيىتىگە مۇنداق ئىككى شەرتنى قويىدۇ:

بىرىنچى، ئايالىلار دىنىنى ۋە ئەخلاقىنى ساقلىشى كېرەك. ئىككىنچى، ئائىلە باشقۇرۇش ۋە بالا تەربىيلەشتىن ئىبارەت بىرىنچى ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش كېرەك.

اللّٰه ئۇلارنى مۇشۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىسۇن دەپ ياراتقان. ئاياللار مۇشۇ ئىككى شەرتنى ئورۇندىغان ئاساستا ھەرقانداق ئىشنى قىلسا بولىدۇ. بۇ ناھايىتى كەڭ بىر دائىرە. ئەنە شۇ كەڭ دائىرىدىن بۇيۇك ساھابە ئاياللار يېتىشىپ چىققان ئىدى.

بىراق، غەربنىڭ قۇللىرى ۋە شەيتانلىرى قىزلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشى ۋە بۇنىڭ ئەگەشمە مەسىلىلىرىدە ھەرگىزمۇ ئۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ. غەرب شەيتانلىرى ئىسلاھ قىلغىلى كەلمىگەن، بەلكى بۇزغىلى كەلگەن. غەرب قۇللىرى قۇل بولغاچقا خوجىسىنىڭ راۋا كۆرگىنىدىن باشقىنى راۋا كۆرەلمەيدۇ. بەلكى، ئۇلار كۆڭلىدە خوجام ئويلىغاندىن باشقىنى ئويلاش كەچۈرگىسىز ئېغىر گۇناھ دەپ تونۇيدۇ.

جەڭ توختىمىدى، ئاياللار مەسىلىسىنى ھىمايە قىلغۇچىلار ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ئالىي مەكتەپكە كىرىشكە يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

قارشى تۇرغۇچىلار مۇنداق دەيتتى: «قىزلارنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش سالاھىيىتى يوق، چۈنكى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش قىزلارنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش قىزلارنى نەچچە يىلغىچە نىكاھلىنىشتىن، ئۆي تۇتۇشتىن، مۇھىم ئائىلىلىق ۋەزىپىلىرىدىن كاشىلا قىلىدۇ، ئالىي مەكتەپتە قىز-ئوغۇللار ئارىلىشىدۇ بۇ دىنغا، ئەخلاققا، ئەنئەنىگە زىت كېلىدۇ». [43]

ئۇزۇن زامانلارغىچە مۇشۇنداق جەڭ بولدى. بۇ ئىككى پىرقە بىر-بىرىگە ئېغىر تۆھمەتلەرنى قىلىشتى. ئېغىر- بېسىقلىق بىلەن ئويلىنىپ، بەسىيرەت بىلەن قارار چىقىرىشنىڭ ئورنىغا كۆپ كۈچلەر بىكار زايە بولدى. ھېچكىم ئاياللار ئۇنىۋېرستىتى قۇرۇشنى ئويلاپ كۆرمىدى.

ھىمايە قىلغۇچىلارنىڭ قارشىچە مەسىلە ئاخىرلىشىپ بولغان، ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئىسلام جەمئىيىتىنى خاراب قىلىش ۋە ۋەيران

(43) لم يفكر أحد في إقامة جامعة نسوية خاصة !

قىلىشقا ئاتلاندۇرۇلغان، ئاياللار مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنى ۋەيران قىلىشقا ماڭدۇرۇلغان.

قارشى تۇرغۇچىلار قايسى نۇقتىنى چىقىش قىلىدۇ؟!

قارىماققا ئۇلار ئىسلامنى چىقىش نۇقتىسى قىلغاندەك كۆرۈنەتتى...

ئۇلار دىن، ئەخلاق، ئەنئەنە دېگەندەك سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. لېكىن، ئۇلار ئىسلامنى ھەقىقى ئاڭقىرالىغانمۇ؟

ئۇلارنىڭ ئىسلامنى ئاڭقىرىشى ئەمەلىيەتتە بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەنئەنىگە بولغان ئىخلاسى دىنغا بولغان ئىخلاسىدىن چوڭقۇر ئىدى. ئۇلار دىنغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئەبجەش ئەنئەنىگە ئامراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئەنئەنىگە بولغان ئىخلاس بىلەن دىنغا بولغان ئىخلاس يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئىدى!

ئەمەلىيەتتە ئۇلار قوغداۋاتقان ئەنئەنە ئىسلامىي ئەنئەنە ئەمەس ئىدى. بەلكى، ئۇلار مۇسۇلمانلار ئەقىدىدە قالاقلاشقان مەزگىلدە تېپىۋالغان جاھىلىيەت ئەنئەنىلىرىنى خىيالىدا ئىسلامغا ئېلىشتۇرۇۋالغان بولۇپ، بۇ ئەنئەنىنى قوغدىغانلىق دىننى قوغدىغانلىق دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. مەسىلەن: تەلۋىلىك بىلەن الله بۇيرۇغان ئىشلار بىلەن

جاھىلىيەت ئىشلىرىنى ئايرىمىدى. تەلۋىلەر ئايالالارغا چەك قويۇۋاتقاندا دىنىنى قوغداۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولدى.

ئايالالار مەسىلىسىنى ھىمايە قىلغۇچىلار قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ بۇ ئاجىز نۇقتىسىدىن تۇتىۋېلىپ، دىن بىلەن ئايالالار مەسىلىسىنى ئايرىپ قاراشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭچە ئايالالارغا چەك قويۇش چىرىك ئەنئەنە بولۇپ، ئۇنى زامانىۋى يېڭى ئەنئەنىلەرگە ئالماشتۇرۇش كېرەك ئىدى. ئەخلاققا ھېرىسمەن دىندارلار ئايالالار مەسىلىسىنى دىندىن ئايرىۋېتىشكە قوشۇلمىدى. جەڭ ئەۋجىگە چىققانسېرى قارشى تەرەپنىڭ تەشەببۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى: ھەممە ئىشتا دىننى كۆتۈرۈرپ چىقىۋەرمەڭلار، بۇ ئىشلارنىڭ دىن بىلەن ئالاقىسى يوق!... دېيىشتى.

قارشى تۇرغۇچىلار ئاخىرى مەغلۇب بولۇپ چېكىندى... كېيىن ئۇلار شۇ جىمىغانچە جىمىپ كەتتى. سۇيقەستچىلەرنىڭ پىلانى «رېئاللىق» قا ئايلاندى.

نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ بۇ بەزىلەر ئويلىغاندەك دۇنيانىڭ تەرەققى قىلغانلىقىدىن، غەرب ھەزارىتىنىڭ بېسىمىدىن بولغان ئىش ئەمەس. ئايالالار مەسىلىسىنى ھىمايە قىلغۇچىلار جار سالغاندەك ئىگىلگەن ھەقىقەتنىڭ

رۇسلەنگەنلىكىدىنمۇ بولغان ئىش ئەمەس. ئاياللار مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالاشقانلىقىدىنمۇ بولغان ئەمەس، بۇ ئىدىيىۋى ھۇجۇمنىڭ كارامىتىمۇ ئەمەس. بەلكى، ئەقىدە قالاقلىقىدىن غەربلىكلەرنىڭ نەرسىلىرىگە مەستۇ-ھەيران بولۇشتىن كېلىپ چىققان روھىي مەغلۇبىيەتنىڭ ئاسارىتى. كۈچلۈك، غالىبلارنىڭ قىلغىنى ھەممىشە توغرا بولىدۇ دەپ ئويلىغانلىقنىڭ ئاسارىتى.

توغرا، روھىي مەغلۇبىيەت ئىدىيىۋى ھۇجۇمغا ماكان ھازىرلاپ، سۇيىقەستچىلەرنىڭ پىلانىنى قايتۇرۇلماس مۇقەررەرلىككە، تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان زور كۈچكە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ناۋادا مۇسۇلمانلار ھەقىقى مۇسۇلماندارچىلىقىنى ساقلاپ تۇرالىغان بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ ئۇنداق بولمىغان بولاتتى. (44)

قەلبلەردىن ئورۇن ئالغان جانلىق ئەقىدە ھەرگىز تىز پۈكمەيدۇ. بۇنداق ئەقىدىگە ئىگە بولغانلار ئەقىدىدىن ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەيدۇ. مەككىدىكى تۇنجى ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ۋە ھەر زاماندىكى ئەقىدىلىك مۇسۇلمانلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى. ئىمانىي ئۈستۈنلۈك كىشىلەرنى دۈشمەننىڭ ئالدىدا ھەربىي جەھەتتىن

(44) انظر ما وقع من الضــغوط على الجماعة المســلمة في مكة ، وانظر ما يقع اليوم من المذابح البشعة لإخماد الصحوة الإسلامية وهي مع ذلك لا تخمد .

مەغلۇب بولغان تەقدىردىمۇ دۈشمەنگە ئاسىمىلاتسىيە بولۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ. اللّٰه قا ھەقىقى ئىشىنىش روھىي بايلىقنى پەيدا قىلىدۇ، ئىلاھىي يولنى توغرا تەتبىقلاش مۇھتاجسىز رىئاللىقنى قۇرۇپ چىقىپ شەخسىنىمۇ، كوللىكتىپنىمۇ، دۆلەتنىمۇ بېيىتىدۇ. بۇ يەردە قىممەت قاراش ۋە پىرىنسىپلار دۇنياسىدىكى تىلەمچىلىكنى پەرەز قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى ئۆزگىلەردىن قوبۇل قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۇنى ئىمانى ئۇستۇنلۇك بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئىلاھىي يولغا بويسۇندۇرىدۇ. قوبۇللانمىنىڭ خوجىلىرىغا ئايلىنىدۇكى، قۇللىرى بولۇپ قالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ روھىغا، ئەقىللىرىگە، تەپەككۇر ۋە تۇيغۇلىرىغا ئىدىيىۋى ھۇجۇم سېڭىپ كىردى، ئۇلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون تۆت ئەسىر بۇرۇن بىشارەت بەرگەندەك، دولقۇنغا غەرق بولغان سەل كۆپۈكلىرىدەك قىلىۋەتتى.

غەرب ھەزارىتى گەرچە ئىلمىي، ماددىي ۋە تېخنىكا جەھەتتە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، قىممەت قاراش جەھەتتە تامامەن ساختا بىر ھەزارەتتۇر. بۇ ھەزارەت مۇسۇلمانلارنى پالاندىلارغا ئايلاندۇرىۋەتتى. ناۋادا

مۇسۇلمانلار ھەقىقى مۇسۇلماندارچىلىقنى ساقلاپ قالالىغان بولسا ئىدى، ھەرگىز ئۇنداق بولمايتتى.

ئەسلىدە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان ئىلىم-پەن، ئىلغار تېخنىكىلارنى بىرىنجى قېتىم رىم ۋە پارىسلاردىن ئۆگەنگەندەك، دىنىنى يوقىتىپ قويماي، ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي، قىممەت قاراشلىرىنى يۇتتۇرۇپ قويماي قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى.

مۇسۇلمانلار تەرەققىيات ئالدىدا يېڭىلمەسلىكى كېرەك ئىدى...

تەرەققىيات ئەمەلىيەتتە يەھۇدىيلار كىشىلەرگە يەھۇدىي ئېقىمىنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن خىيال قىلدۇرغاندەك مۇقەررەرلىك ئەمەس. ياۋروپانىڭ ساغلام ئەقىدىسى بولمىغاچقا، ياۋروپالىقلار يەھۇدىيلارنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ياۋروپانىڭ بۇرمىلانغان ئەقىدىسى ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغاچقا يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى، [45] لېكىن، مۇسۇلمانلار ئاتالمىش «تەرەققىيات»قا بەرداشلىق بېرىشى، مەغلۇب بولماسلىقى كېرەك ئىدى. زامانىمىزدىكى بۇ

---

[45] راجع إن شئت فصل [ دور اليهود في إفساد أوروبا ] من كتاب [ مذاهب فكرية معاصرة ] .

تەرەققىياتتا ئىنسانلىق توغرىسىدا يالتىراق شۇئارلار، دەبدەبىلىك سۆزلەر كۆپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما، ئىنسانلار قىممەت قاراش، ئەخلاق، پىرىنسىپ، ئىنسانلىق جەھەتتە تارىختىن بۇيان ئەڭ قاتتىق چېكىنىدى. مۇسۇلمانلار بىر تەرەپتىن ساغلام ئەقىدىگە ئىگە بولغانلىقلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن يەھۇدىيلارنىڭ سۈيقەستىنى بىتچىت قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن بەرداشلىق بېرىشى، مەغلۇب بولماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى، اللّٰه شەرتنى ئورۇندىغان مۇسۇلمانلارغا يەھۇدىيلارنىڭ سۈيقەستىدىن نىجاتلىق بېرىش ھەققىدە مۇنداق ۋەدە قىلغان:

**( وَإِنْ تَصْبِرُوا وَتَتَّقُوا لا يَضُرُّكُمْ كَيْدُهُمْ شَيْئاً )** [46].

«ئەگەر سىلەر سەۋرى قىلساڭلار ۋە تەقۋادار بولساڭلار ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» .

دارۋىنىزمنىڭ بۇلغىنىشىغا، تەرەققىياتنىڭ بۇلغىنىشىغا، ماددىيپەرەسلىكنىڭ بۇلغىنىشىغا، ئىنساننىڭ بارلىق پائالىيىتىنى جىنسىيەتكە باغلاپ چۈشەندۈرۈشنىڭ بۇلغىنىشىغا، ھاياتلىقنى مىخانىكىلاشتۇرۇشنىڭ بۇلغىنىشىغا، قىممەت

(46) سورة آل عمران ، الآية : **120** .

قاراشلاردىن ئازات قىلىشنىڭ بولغىشىغا، ئاياللارنى ئۆزىنى خورلاش، ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بۇزۇش بەدىلىگە جان باقىدىغان شاقاۋەتلىك ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئائىلىنى ۋە ئاياللىق ۋەزىپىنى تاشلاشنىڭ بولغىشىغا ئۈچراۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئازغۇن پىكىرلىرىنى مۇسۇلمانلار تۈزىتىشى كېرەك ئىدى.

مۇسۇلمانلار ھەقىقى مۇسۇلمان بولغان بولسا شۇنداق قىلالايتتى. لېكىن ئۇلار ئۇنداق قىلالمىدى... ئۇلارغا نۇرغۇن تالاپەتلەر يەتتى... ئۇلار ئىنسانلارنى توغرا ھاياتلىق يولىغا باشلاپ، ئىلاھىي يولغا يېتەكلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىمۇ ئىلاھىي يولدىن ئايرىلىپ قالدى. ياۋروپا جاھىلىيىتىنىڭ ئارقىسىدىن تىلىنى ساڭگىلىتىپ يۈگرەيدىغان، زەبۇنلۇق ئىچىدە ياۋروپادىن بېقىندىلىق تىلەيدىغان بولۇپ قالدى.

مانا بۇ ئاياللار مەسىلىسى ۋە زامانىۋىلىشىۋاتقان مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن باشقا مۇشكۇلچىلىكلەرنىڭ ھەقىقى ئىزاھاتى.

ئاياللار ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئازات بولۇش ئۈچۈن، دىندىن، ئەخلاقتىن ۋە ئەنئەنىدىن ئازات بولۇش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپكە كىردى!

بىلىم ئىگەللەش، نامەھرەملەر بىلەن ئارىلىشىش، ئەركىنلىك، سىنىشىش... ئاياللارنىڭ ھوقۇقى. دىن،

ئەخلاق ۋە ئەنئەنە بۇ ھوقۇقلارنى چەكلەيدۇ. ئايالالار ئۆز ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بۇنداق توساقلارنىڭ ھەممىنى بىتىچىت قىلىشى كېرەك. بۇرۇن ياۋروپا ئاياللىرىغا ئەنە شۇنداق دېيىلگەن.

بۇ جايدا ھېچقانداق چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەش يۈز بەرمىدى. ھەممە ئىش تەدرىجى بولدى. سۇيقەستچىلەر شۇنداق بولۇشنى بەك ئاززۇ قىلىسىمۇ، ئەمما، ئۇنداق بولۇشتىن ئۈمىد كۈتۈپ كەتمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەينى زاماندا تۆت قىز بارلىق توساقلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ مىسىر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كىردى. پۈتۈن جەمئىيەت قولللىغۇچىلار بىلەن قارشى تۇرغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا داۋالغۇپ، بۇ يېڭى سىناقنى كۆزەتمەكتە ئىدى.

بۇ تۆت قىز ۋە ئوغۇل ئوقوغۇچىلار مەكتەپنىڭ ئېچى-سىرتىدا ناھايىتى ئەدەبلىك، ھايالىق، نومۇسلۇق كۆرۈنەتتى. ئەتراپتا نازارەت قىلغۇچى كۆزلەرمۇ بەك تولا ئىدى. شۇنداقتىمۇ توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ مىسىر قىزلىرىنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان مەزكۇر تۆت قىزنىڭ بىرى - ئەمىنە سەئىد ھىلال گېزىتى نەشرى قىلغان كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازىدۇ: يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئېنگىلىز تىلىدىن ئېغىزچە ئىمتىھان

ئىلىش كوللىگىيىسى ئەنگىلىيىلىك بىر ئەر ۋە مىسىرلىق بىر ئەر ئوقۇتقۇچىدىن تەشكىللىنىپتۇ. ئىمتىھان باشلىنىشىغىلا ئىنگىلىز ئوقۇتقۇچى مەندىن: مۇھەببەتكە قانداق قارايسىز؟ دەپ سورىدى. مەن دەماللىققا تەمتىرەپ قالدىم. مىسىرلىق ئوقۇتقۇچى غەزەبتىن قىپقىزىل قىزىرىپ، ئىمتىھان مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى. ئەنگىلىيىلىك ئوقۇتقۇچى: ھېچقىسى يوق، داۋاملاشتۇرۇڭ، دېدى. مەن: ئۆزەمنى شۇنداق ئازادە ھېس قىلدىم، مۇھەببەت توغرىسىدا تارتىنماي، كېكەچلىمەي راۋان سۆزلىدىم. ئىنگىلىزلارنىڭ ئەسلى مەقسىتى ئەنە شۇ ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا قاھىرە ئۇنىۋېرسىتىتى دەپ ئاتالغان مىسىر ئۇنىۋېرسىتىتى ئىسلامىي قىممەت قاراشلارغا رىئايە قىلىش ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمان ئوغۇل-قىزلارنى يېتىشتۇرش ئۈچۈن قۇرۇلمىغان. بەلكى دىن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىگە ئاغزاكى ۋە ئەمەلىي ھۇجۇم قىلىدىغان ئەركىن مۇنبەر بولۇشقا قۇرۇلغان. بۇ مۇنبەر مىسىردا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسى تۈۋرۈككە ئايلانغىچە بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلاندى. كۈچىيىۋالغاندىن كېيىن مەيدانغا ئوچۇق چىقىپ خالىغىنىنى قىلدى. ئەمدى ئۇنى ھېچكىم يوق قىلالمايتتى.

دانلوبىنىڭ ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى زور بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تولۇق تاماملىغان بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە ئوقۇتقۇچىلىقنى شۇلار قىلدى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى دىندىن بەزدۈرىدىغان، دىنى ئەدەپ-ئەخلاق ۋە قىممەت قاراشلاردىن ئايرىيدىغان زەھەرلەرنى گاھ يوشۇرۇن، گاھ ئاشكارا تارقاتتى.

ئەمدى دائىرىنى كېڭەيتىش كېرەك ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ مۇھىم، ئوقۇغۇچىلارمۇ مۇھىم. بىراق، مەكتەپنىڭ دائىرىسى چەكلىك، مۇددىتىمۇ چەكلىك. ئوقۇغۇچىلار هامان مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئۆز يولىغا راۋان بولىشىدۇ. بۇ چاغدا كۆپ سانلىقلىرىنىڭ تەپەككۇر بۇلاقلىرى ئېتىلىپ قالىدۇ، هاياتى كۈچى سۇسلىشىدۇ. شۇڭا ئەركىن پىكىر يۈگۈزىدىغان، پۈتۈن جەمئىيەتكە، ئەرلەرگە، ئاياللارغا – ھەممە ئادەملەرگە ئەركىن پىكىر تارقىتىدىغانلار بولۇشى كېرەك ئىدى. ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى شۇنچە چوڭ خىزمەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ چوڭ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى. بۇ ۋەزىپىنى پەقەت ئۇنىۋېرسىتېتلا ئۈستىگە ئالالايتتى. دېمەك، ئۇنىۋېرسىتېت دەسلىۋىدىلا ئېنىق نىشان بىلەن قۇرۇلغان ئىدى.

كىشىلەر بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەۋەللۇدىغا بەكمۇ خۇش بولدى. ياشلار ئۇنىڭغا ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇردى. چۈنكى، بۇ ئۇنىۋېرسىتېت قارىماققا ئەزھەر قاتماللىشىپ، كىشىلەر ئەزھەرگە بارماس بولۇپ، دانلوبنىڭ پىلانى بويىچە يېتىم قالغاندىن كېيىن پەيدا بولغان بىر ئىلمىي ۋە مەدەنىي بوشلۇقنى تولدۇرغاندەك قىلاتتى. بىزدىمۇ ئۇنىۋېرسىتېت بار بولدى، بىزمۇ ياۋروپاغا ئوخشاش بولدۇق. شادلانغۇچىلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى بۇ خىيال شادلىقنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى. كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىش مۇنبىرىگە؛ دىنى قىممەت قاراشلارنى ئاشكارا كۆزگە ئىلمايدىغان ياشلارنى يېتىشتۈرۈش ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى كۈتمىگەن ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەنلەر — يېڭىچە تەربىيە ئالغانلار تولىمۇ مەغرۇر ئىدى. ھېچكىم ئۇلارغا تەڭ تۇرالمايتتى. مۇنازىرە قىلالمايتتى. ئۇلارنىڭكىنى خاتا دېيەلمەيتتى. ناۋادا شۇنداق قىلىپ سالسا، ئۇ بىر قالاق، قاتمال، نادان دېيىلەتتى. ئۇنىۋېرسىتېتتىلا - پەقەت مۇشۇ جايدىلا ھەقىقى بىلىم، ئەركىن پىكىر، كەڭ نەزەر، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئىلمىيلىك، ئەركىنلىك... بار ئىدى. باشقا ھەر قانداق جايدا چۈشكۈنلەشكەن دەۋرلەرنىڭ يالدامىسى بولغان قالاقلىق، قاتماللىق، چىرىكلىك، ھاياتلىق

دولقۇنىغا ئېچىلمىغان زۇلمەتلىك جاھالەت بار ئىدى. ئۇلارنىڭ چەتئەل تىلى بىلمەسلىكى ئەڭ چوڭ ئەيىب ۋە ئەڭ يامان قالاقلىق ئىدى. [47]

ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلدىغان، ئىسلامنىڭ سۈرىتىنى سەتلەيدىغان، ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىدىغان شەرقشۇناسلار ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

ئۇلار ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئەرەب تىلى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى تاھا ھۇسەيىننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز پىكىرلىرىنى سىڭدۈردى. شۇلارنىڭ ئىچىدە يەھۇدىي شەرقشۇناس مارگولىيوس بار ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

«مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ نەسەبى نامەلۇم، ئەرەبلەر نەسەبى نائېنىق ئادەملەرنى ئابدۇللا دەپ چاقىراتتى. مۇھەممەد ئابدۇللانىڭ ئوغلى، ئابدۇللا – نەسەبى نامەلۇم ئادەم.» [48] ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق

[47] ربمـا لـا يعلم كثير من القراء أنني من خريجي تلك الجامعة ، ومن دراســتي اللغة الإنجليزية والأدب الإنجليزي فيها ، فلســت أصــدر فيما أقرر هنا عن عصــبية معهدية ضــد الجامعة ! إنما هي الحقيقة التي أحســبها ــ الآن ــ لم تعد خافية ! ولا ينكر أحد أنه من الناحية [ الثقافية ] كانت الجامعة أوســع أفقاً ، وخريجوهـا أكثر احتكـاكـاً بـالأفكار [ العالمية ] . ولكنها لم تكن توجه طلابها لنقد الحضـــارة الغربية ، واختيار الصــالح من ثمارها للاســتفادة به في [ نهضــة ] حقيقية ، مع طرح الفاســد من هذه الثمار ، إنما كانت على العكس من ذلك من أكبر أدوات [ التغريب ] .

[48] **انظر فصـــل " الديانة المحمدية Mohamedanism " تأليف مرجوليوث ، في موسوعة تاريخ العالم : Universal History of The World .**

شەرقشۇناس بۇنداق گەپنى دەپ باقمىدى. ئېھتىمال، بۇ كىشىلەرگە تاسادىپىيلىق تۇيۇلغان بولسا كېرەك.

تاھا ھۈسەيىن «جاھىلىيەت شېئىرلىرى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا : « تەۋرات، ئىنجىل بىزگە ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ھەققىدە سۆزلەيدۇ، قۇرئانمۇ شۇ ئىككىسى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ، لېكىن، بۇ ئىككىسى تارىختا ئەمەلىي ئۆتمىگەن شەخس. [49]

ئۇ يەنە «مىسىردىكى مەنىۋى مەدەنىيەت ئىستىقبالى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «مىسىر شەرقنىڭ بىر قىسمى ئەمەس، بەلكى، ئوتتۇرا ئاق دېڭىزنىڭ بىر قىسمى. مىسىرغا كەلگەن ھەممە يامانلىق شەرقتىن كەلگەن!» مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەن ئادەم يېڭى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەھبىرى بولدى. ئېھتىمال، بۇ كىشىلەرگە تاسادىپىيلىق تۇيۇلغان بولسا كېرەك.

---

(49)الأفكار الرئيسية في هذا الكتاب – وهي القول بأن الشعر الجاهلي الحقيقي كان أبلغ من القرآن ، ولذلك طمس عليه المسلمون ، وانتحلوا شعراً أقل منه بلاغة ونسبوه إلى الشعراء الجاهليين ، " ليزعموا " بعد ذلك أن القرآن أبلغ من الشعر الجاهلي ! هي أفكار مرجوليوث المشار إليه ، انتحلها طه حسين ! وقد صودر هذا الكتاي حين أثار ما أثار من ضجة ، ولكن طه حسين سئل في حديث صحفي أجراه معه محمود عوض في مجلة صباح الخير قبل وفاة طه حسين بعام واحد عن أفكاره في هذا الكتاب فقرر أنه ما زال مؤمناً بكل حرف فيها !

بىرسى مۇنداق دېدى: «قۇرئاندىكى قىسسىلەر» بەدىئىي« ھېكايىلەر بولۇپ، ئەمەلىي تارىخ، ئەمەلىي شەخسلەر ھەققىدە سۆزلىمەيدۇ. بۇ پەقەت بەدىئىي مەقسەتلەر ئۈچۈن توقۇپ چىقىلغان فانتازىيىلىك بەدىئىي ھېكايىلەر.» ئېھتىمال، بۇ كىشىلەرگە تاسادىپىيلىق تۇيۇلغان بولسا كېرەك. (50)

بۇ تاسادىپىيلىقلارغا چىدىمىغان كىشىلەر ئاخىرى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. لېكىن، بۇ تولىمۇ ئاجىز قوزغىلاڭ بولۇپ، رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمىدى. سۇيىقەستچىلەرنىڭ پەردە ئاقىسىدىن مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا يېڭى مەۋجۇدىيەت ئۆزىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. كىشىلەرنىڭ سەزگۈسىمۇ قاششاقلاشتى. ھەتتا «ھېلىقى قوزغىلاڭچىلار» نىڭ ئۆزلىرى كېيىنچە ئۇنىۋېرسىتېت ستودېنتلارغا ئايلىنىپ، ھېلىقى غەلىتە ئىدىيەلەر، گەپلەر ۋە ئىشلار بىلەن ھەمجىنىس بولۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئىشلار ئاۋامنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەيدىغان بولدى.

ئەدەبىيات پاكۇلتېتى مەخسۇس ئەجنەبىيچە تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر چۈجىلىرىنى بايدۇرۇش ئۇۋىسىغا ئايلاندى. بۇ ئۇۋا چىرىك پىكىرلەرنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا

(50) الدكتور محمد أحمد خلف الله في كتاب " الفن القصصي في القرآن الكريم " .

دىن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىگە يات بولغان چۈشەنچىلەرنى دەسسىتىدىغان؛ پەردە ئارقىسىدىكى سۈيقەستچىلەرنىڭ پىلانى بويىچە يېڭى جەمئىيەت قۇرىدىغان ئەركىن تەپەككۇر قىلغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ ئۇۋىدا يايدۇرۇلغان خوراز ۋە مېكيانلار دىنغا خالىغانچە زىيانكەشلىك يەتكۈزىدىغان «كاللىسى ئازات»لارغا ئايلاندى. قانۇنچىلىق فاكۇلتېتى مەخسۇس قانۇنشۇناسلارنى تەربىيىلىدى. ئۇلار قانۇندىن باشقا نەرسىنى ئۆگەنمىگەچكە قانۇنچىلىققا، قانۇن تۈزۈشكە يان باساتتى. اﷲ نىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمەت قانۇنى قىلىشقا قاتتىق قارشى تۇراتتى. چۈنكى، شەرىئەت ئۇلارنىڭ ئىسگە زادىلا كەلمەيتتى. بۇ ئادەملەر كېيىنچە سىياسىيونلارغا، ھۆكۈمەت ئەربابلىرىغا، ئىجتىمائىي ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەرگە ئايلاندى. تەبئىي پەن فاكۇلتېتلىرى دوختورلارنى، ئىنژېنېرلارنى، ئاگرونوملارنى – تەبئىي پەنچىلەرنى يېتىشتۈردى. لېكىن، ھەممىسىنى نوقۇل غەربچە ئەلمانىيچە يېتىشتۈردى.» [51]

---

[51] لفظة " علمانية " هي ترجمة عربية مضللة لكلمة Secularism كما أشرنا من قبل ، والأولى أن تسمى " اللادينية " انظر ـ إن شئت ـ فصل " العلمانية " من كتاب " مذاهب فكرية معاصرة " . ومما هو جدير بالذكر أن هذه الترجمة المضللة كانت من صنع اللبنانيين المسيحيين !

بۇنداق يېتىشكەنلەر ئۆزى دىندار بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن دىن توغرىسىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاشقىمۇ تاقەت قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىلمىي ئادەملەر، دىن دېگەن خوراپات؛ چۈنكى، ئۇلار رېئالىزمچىلار، دىن دېگەن ئەپسانە؛ چۈنكى، ئۇلار مۇتەپەككۇرلار، ئۇلار ئىلمىي ھەقىقەتتىن خەۋەردار بولالمىغان ئاۋام بىلەن بىر دەرىجىدە بولۇپ قالسا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ غەربتىكى ئەلمانىزمچى مەسلەكداشلىرىدىن ئۆز ئانا تىلىنى ھاقارەتلەش ئارتۇقچىلىقى بار. ئۇلارنىڭچە ئانا تىل ئىلىم-پەن تىلى بولۇشقا يارىمايدىغان قالاق تىل. شۇڭا ئۇلار ھەزارەتلىك خوجىلىرىنىڭ تىلىدا سۆزلەيدۇ. ئەرەب تىلىدىكى يازمىلارغا قارىمايدۇ. چۈنكى، ئەرەب تىلى قاتمال ۋە قالاق تىل. قۇرئان ئەرەب تىلدا يېزىلغانغۇ؟! ئۇلار قۇرئاندىن تېخىمۇ ئۈركىيدۇ، قۇرئاننى ئەسلى ئوقۇمايدۇ.

ھەرقايسى فاكۇلتېتلار بىر-بىرىنى ئەنە شۇنداق يۆلىشىپ، ئاخىرىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن غەربكە يۈزلەنگەن، قايتا مۇسۇلمان بولۇشنى خالىمايدىغان

بىر ئەۋلاد دىنغا دۈشمەن شايكىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.[52]

بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، قانۇنچىلىق فاكۇلتېتى، تەبئىي پەن فاكۇلتېتىدا ئوقۇغانلاردىن غەربلەشكەن، ئىسلام دىنىدىن ئازاتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ ئۇنىۋېرستېتنىڭ بىر نىشانى بولسا، يەنە بىر نىشانى دىندىن، ئەخلاقتىن ۋە ئەنئەنىدىن ئايرىلغان ئىدىيىسى ئازات ئايالالارنى يېتىشتۈرۈش ئىدى. «ستودېنت قىز» ... «زىيالىي ئايال» .. .«ئىدىيىسى ئازات ئايال...» بۇ ئۆزگەرتىشتە كېرەك بولىدىغان سۆزلەر، ئازات بولىدىغانلارنى كۆپەيتىشتە جانغا ئەسقاتىدىغان سۆزلەر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئايالالار مەسىلىسىدە كۆيۈۋاتقان ئوتقا ياغ چېچىپ، ئىشنى تېخىمۇ يوغىناتتى. شۇنداق قىلىپ، سۇيىقەستچىلەر تولۇق مەقسەتكە يەتتى.

ئايالالار ئىسمائىلىيە مەيدانىدا ئېنگىلىزلارنىڭ گازارمىسى ئالدىدا نامايىش قىلىپ، ھىجاب

---

[52] لا ينبغي ذلك بطبيعة الحال أن يكون من بين ذلك الجيل ، أو تلك الأجيال ، من لم يخضــع لعملية التغريب ، وبقي محافظاً على إســلامه وذاتيته ، ولكنهم ـ قبل " الصــحوة الإسلامية " كانوا قلة لا يحسب لهم حساب .

كۆيدۈرگەندە ئوت تۇتاشقان ئىدى. لىۋان خرىستىئان ئاخباراتلىرى بۇ ئوتقا تېخىمۇ ياغ چاچتى. [53]

ئاخباراتچىلارنىڭ نەزىرى ستودېنت قىزلارغا تىكىلگەن بولۇپ، ئۇلار ستودېنت قىزلارنىڭ گۈزەل چىرايى ۋە نەپىس ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، تەشۋىقاتنى تېخىمۇ كەڭ قانات يايدۇردى. بۇ تەشۋىقاتلار توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتكەن ستودېنت قىزلارنىڭ؛ قاراڭغۇ ئەنئەنىلەر-دىن، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ زۇلمەتلىك پىكىرلىرىدىن قۇتۇلغان مىسىر ئاياللىرىنىڭ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈش... ئازات بولۇش... جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىش... قەدەملىرىنى تېخىمۇ تىزلەتتى. [54]

---

[53] وكانت هناك كذلك صحافة " مصرية " صميمة ، ولكنها كانت ــ بوعي أو بغير وعي ــ تقتفي أثر الصحف اللبنانية المسيحية المارونية التي أرست " القواعد الصحفية " في مصر ، بل قد تزيد عليها تبذلاً لتكسب مزيداً من القراء من " الأجيال الصاعدة " من الأولاد والبنات !

[54] تعبير [ القرون الوسطى المظلمة ] من تعبيرات الغزو الفكري التي تجري ــ بطلاقة ! ــ على ألسنة المستعبدين للغرب ، ويقصد بها ــ في حسهم ــ الإسلام ! وأوروبا تصف ــ بحق ــ قرونها الوسطى بأنها مظلمة ؛ لأنها كانت مظلمة حقاً . ونقول ــ بحق ــ إن [ الدين ] عندها كان سبب ذلك الظلام ، وإن التحرر منه هو الذي أخرجها من قرونها المظلمة ، لأن ذلك الدين لم يكن ربانياً ، إنما كان ديناً بشرياً ــ جاهلياً ــ من صنع الكنيسة ، يحتوي من الخرافات والخزعبلات والافتراء على الله ما لا تستسيغه فطرة سليمة ولا فكر [ حر ] . أما المستعبدون للغزو الفكري فينسون أولاً ان هناك فارقاً رئيسياً بين الإسلام ــ الدين الرباني غير المحرف ــ وبين دين الكنيسة المحرف ، وينسون ثانياً أن القرون الوسطى المظلمة في أوروبا كانت هي الفترة التاريخية المشرقة بنور الإسلام ، سواء في المشرق أو المغرب والأندلس ، حيث تعلمت أوروبا لتخرج من الظلمات إلى النور !

بۇ تەشۋىقاتلارنىڭ سايىسىدا ئاياللارنى ئۆيگە سولىۋېلىپ، ئەرگە قۇل قىلىپ بېرىدىغان، ئاياللارنىڭ ئادىمىيلىكى ۋە ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغان، ئاياللارنى قورساق كۆتۈرۈش، بالا تۇغۇش، بالا ئېمىتىش، بالا بېقىش، ئەرگە خىزمەت قىلىشتىن باشقا ئىشلارنى قىلغىلى قويمايدىغان ئەنئەنىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۈرسىتى دائىم چىقىپ تۇراتتى.

بىز يۇقىرىدا بىر ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇيەردە ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمىز.

ھەقىقەتەن، ئاياللار زۇلۇمغا ئۇچرىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا ناچار مۇئامىلە قىلىندى. ئۇلارنى نادان، قورساق كۆتۈرۈش ۋە تۇغۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ... دەپ ھاقارەت قىلىندى. بۇ ئىسلامىي چۈشەنچىلىرى بۇزۇلۇپ، ئەقىدە جەھەتتە قالاقلاشقان جەمئىيەتكە سىڭىپ كىرگەن جاھىلانە قىلىقتۇر. جاھىلىيەت كۆپ ھاللاردا ئاياللارنى خورلاش ۋە ھاقارەتلەشكە مايىل كېلىدۇ. يۇنان ۋە رىم جاھىلىيىتى ۋە ئۇنىڭ مىراسخورى بولغان ھازىرقى زامان جاھىلىيىتى ئاياللارنى پەسلەشتۈرۈپ، ئەخلاقىنى بۇزۇپ، ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇشقا بەك مايىل.

مىسىر ۋە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى. اللّٰه ھەر قانداق ئىنساننى ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتقان:

( **وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِي آدَمَ** ) [55] «ھەقىقەتەن بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق» ...

( **بَعْضُكُمْ مِنْ بَعْضٍ** ) [56] اللّٰه ئاياللارنى ئىنسانلىقتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر قىلغان: »سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن» .

اللّٰه ئانىلارنى قورساق كۆتۈرۈش ۋە بالا بېقىش جەريانىدا تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىگە يارىشا ئالاھىدە ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە قىلدى:

( **حَمَلَتْهُ أُمُّهُ كُرْهاً وَوَضَعَتْهُ كُرْهاً** ) [57] «ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ مۇشەققەت بىلەن تۇغدى» ...

اللّٰه پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا دەپ بايان قىلدى. ئىسلامنىڭ مۇشۇنداق يوليۇرۇقلىرىدىن ئېزىش ئىدىيىۋى ھۇجۇمغا يوچۇق ئاچتى، شەيتانلار بۇ

---

(55) سورة الإسراء ، الآية : 70 .

(56) سورة آل عمران ، الآية : 195 .

(57) سورة الأحقاف ، الآية : 15 .

يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، ئىسلامىي جەمئىيەتكە سىڭىپ كىرىپ سۇيىقەستلىك پىلانىنى ئىجرا قىلدى. ناۋادا ئىسلامىي جەمئىيەت ئىسلامنى توغرا ئىجرا قىلغان بولسا، شەيتانلار قايسى يوچۇقتىن كىرەلەيتتى.

ياۋروپا جاھىلىيىتى «ئاياللار ئازاتلىقى» دەپ چۇقان سېلىپ، ئاياللارنى دىن، ئەخلاق ۋە ئەنئەنىدىن چىقىرىۋەتتى. ئاياللار كوچىغا، زاۋۇتقا، ئىشخانىغا، خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئەۋرىتىنى ياپماي، يالىڭاچ چىقتى. ئاياللار ئەرلەر بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋەت قىلىپ، بەدىنىنىمۇ، روھىنىمۇ بۇلغىدى. ئائىلە بۇزۇلدى، باللار سەرگەردان بولدى. جىنايەت، ھاراقكەشلىك، زەھەر چېكىش، بىئاراملىق، نېرۋا كېسەللەر، روھى كېسەللەر، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش، ساراڭلىق ئەۋج ئالدى. ئۆزىنىڭ يۈكسەكلىكى، پاكلىقى، ۋە بىر گەۋدىلىشىشنى ساقلاپ قالغان ئىسلامىي جەمئىيەت كىشىلىرى بۇجاھىلىيەتكە ئىنكار قىلىش، نەپرەتلىنىش ۋە ئىمانىي ئۈستۈنلۈك نەزىرى بىلەن قاراپ كەلدى.

«ھازىرقى زامان جاھىلىيىتىنىڭ بۇ كۆنلەردە ئاشكارىلىنىپ قالغان نۇقسانلىرى ئىسلام دۇنياسىدا ئاياللار ھەرىكىتى باشلانغاندا تېخى ئاشكارىلانمىغان. شۇڭا، ئىسلام دۇنياسى «ئاياللار مەسىلىسى»نىڭ

تېگىدىكى بۇزۇقچىلىقنى بىلەلمەي، سىرتقى كۆرنۈشىدىكى ئىسلاھاتچىلىق تەرىپىگىلا قاراپ ئېزىپ قالغان. شۇنداق دەپ باقتى بەزىلەر. بۇ توغرا گەپ ئەمەس. خېلى بۇرۇنلا -1929-يىلى ئامېرىكىلىق يازغۇچى ۋېل دىيورانت ئۆزىنىڭ «پەلسەپە لەززەتلىرى» دېگەن كىتابىغا مۇنداق قۇرلارنى پۈتىدۇ:

«مەدەنىي ھايات كېچىكىپ توي قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، مەدەنىي ھاياتتا جىنسى ئالاقە ئىستىكىنى قوزغايدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى بار. جىنسى ئالاقىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان يوللارمۇ بار. لېكىن، جىنسىيەت ئىستىكى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بالدۇر يېتىلىپ قالىدۇ. جىنسى تەلەپ كۈچىيىدۇ، ئۆزىنى كونترول قىلىش بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ ئاجىزلىشىدۇ، ئىپپەتلىك بولۇش مەسخىرە ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. گۈزەللەرنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدىغان ھايا- نومۇس ئاللىقاياقلارغىدۇ يوقايدۇ. ئەرلەر خاتالىقلىرىنىڭ كۆپلىكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئاياللار چەكسىز مەستخۇشلۇق ئىچىدە ئەرلەر بىلەن بارۋەر بولۇش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىدۇ. نىكاھتىن بۇرۇن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلىنىدۇ. ئاشنىلارنىڭ رىقابىتىگە ئۇچرىغان

پاھىشەلەر كوچىلاردىن غايىب بولىدۇ. ساقچىلارنىڭ پاھىشەلەرنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسى يەڭگىللەيدۇ.

نىكاھتىن كېيىن تالاغا قاراش كۆپ ھاللاردا نىكاھتىن بۇرۇن كۆنۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ. بىز مۇشۇ كەسىپنىڭ (پاھىشىنىڭ) گۈللىنىشىدىكى ئىجتىمائىي ۋە ئاساسى سەۋەبلەرنى چۈشەنمەكچى بولىمىز-يۇ، ئەمما، ئۇ كەسىپنى ئىنسانىيەت دۇنياسىدا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر ئىش دەپ قاراپ، ئاساسى سەۋەبىنى كۆرمەسكە سالىمىز. ھازىرقى ۋاقىتتا كۆپىنچە مۇتەپەككۇرلادا شۇنداق قاراش بار. [58]

لېكىن، يېرىم مىليون ئامېرىكا قىزلىرى نىگىلىزمىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنداق قىزلار سەھنىلەردە، ئەر-ئاياللارنىڭ شەھۋىتىنى قوزغاپ پۇل تاپىدىغان سىرىق كىتابلاردا ماڭدامدا بىر ئۇچرايدۇ. ئۇلار نىكاھنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەي، باشباشتاقلىقنىڭ پاتقىقىغا مىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بىز بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ رازى بولۇۋاتىمىز. بۇ كىشىنى تولىمۇ خىجىل قىلىدۇ.

---

(58) يقصـد صـناعة البغاء . ويلاحظ أنه يلتمس لها المبررات على الرغم من الأســى الذي يحسه على الفتاة الأمريكية !

كۆتۈشتىن زىرىككەن قىزلار ناخشا-موزىكا، تەسەللىي تېپىش، چەككە-چۈككە سوۋغا سالاملار، ھاراقكەشلىك سورۇنلىرى ۋە جىنسىي لەززەتنىڭ قىزىقتۇرىشى بىلەن ئىشقۋازلىق قايناملىرىغا ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بېرىلىپ كېتىۋاتىدۇ. قىزلارنىڭ ئەركىنلىكى گاھىدا ئىقتىسادىي ئەركىنلىكتە ئەكىس ئېتىۋاتىدۇ. تۇرمۇشنا ئۆزىنىڭ چېقىمىنى قامداۋاتىدۇ. ئەرلەر ئىشقۋازلىقتا يۇقىرى ماھارەت ئىگەللىگەن ئايااللار بىلەن توي قىلىشنى خالىمىسىمۇ، ئەمما، بۇ ئايالالارنىڭ پۇل تېپىش ئىقتىدارى ئەرلەرنى ئىككىلەندۇرۇپ قويىۋاتىدۇ. راست، دېمىسىمۇ ئەرنىڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسىدىكى تۇرمۇشىغا قانداق يېتىدۇ؟[59]

...بىز ئەمدى قىزلاردىن باشقا مەلۇماتلىق كىشىلەرنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىرى توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى...!

كۆپ سانلىقنىڭ قارىشى شۇكى، بىزنىڭ ھازىر قىلىۋاتقانلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىرى بىز ئويلىغاندەك، ياكى ئارزۇ قىلغاندەك بولمايدۇ... بىز بىر ئۆزگىرىش دولقۇنى ئىچىگە غەرق بولۇپ

---

(59) يقصد أن الرجل يرفض الزواج من الفتاة الفاسدة الأخلاق ، ولكن الضغط الاقتصادي يجعله يقبل في النهاية بعد تردد !

كېتىۋاتىمىز، بۇ ئۆزگىرىش مۇقەررەر ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا بىزگە تاللاش ئىمكانىيىتى قالمايدۇ. ئادەت، ئەنئەنە ۋە تۈزۈملەردىن شىددەت بىلەن قاچقىپ چىقىش يەنە قانداق يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلار...؟» (60)

دىنسىز بىر ئادەم، بەلكى، دىنى، ئەخلاقى قىممەت قاراشلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ۋىل دىيورانتنەك بىر ئادەم بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر كۆپرەك بۇرۇن شۇنى چۈشەنگەن يەردە، ئىسلامىي جەمئىيەت تېخىمۇ بەكرەك چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. ئىسلامىي جەمئىيەت الله نىڭ كىتابى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىگە ئىمان ئېيتىشتىن كەلگەن ئىمانى بەسىرەت بىلەن توغرا يول تاپىدۇ. كىشىلەرنىڭ سەۋەب قىلىشلىرى نەتىجىسىدە ئىشقا ئاشقان ئىلاھىي قانۇنىيەتنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. شەخسنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئەخلاقىي بۇزۇلۇشىنىڭ يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن، بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، ئىسلامىي جەمئىيەت ھەقىقى ئىسلامدىن بەكمۇ يىراقلاپ كەتتى، شەيتانلار دەل مۇشۇ يوچۇقتىن كىردى. ئۇلار كىرگەندە ئىسلامىي

---

(60) مقتطفات سريعة من كتاب [ مباهج الفلسفة ] لول ديورانت ، ترجمة عبد العزيز جاويد وفي الأصل توسع في هذا الموضوع استغرق ما بين ص 126 وص 236 من الترجمة العربية .

جەمئىيەت توغرا ئىسلامدىن يىراقلاپ كەتتى، ئىسلامغا قايتىشى كېرەك دېمىدى. ئۇلار بۇنداق دېگىلى كەلمىگەن، بۇنداق دېيىش ئۇچۇن چۇقان كۆتۈرمىگەن. بەلكى، ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن مۇسۇلمانلارنى دىندىن چىقارغىلى، ئۇلارنى ئاخىرى دىندىن تەلتۆكۈس يىراقلاشتۇرىدىغان بىر يولنى سىزىپ بەرگىلى، ھەر باب بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنغا قايتىشىنى توسقىلى كەلگەن.

ئۇلار ھەرىكەت باشلىغاندا كىشىلەرنىڭ دىنىسىز دەپ ئەيىبلىشىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن مۇسۇلمانلىقنى قالقان قىلدى. مەسىلەن قاسىم ئەمىن شۇنداق قىلدى. ئۇلار بۇ باسقۇچتا ناھايىتى تېزلا مۇددىئاغا يەتكەندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئاۋۋال ئەنئەنىگە، ئاندىن دىنغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا ئۆتۈپ، ئىسلامغا قارىتا رەت قىلىش، قارشى تۇرۇش، ھۇجۇم قىلىش مەيدانىنى ئاشكارىلىدى. ئەنئەنىگە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا ئاۋۋال مۇسۇلمانلار ئىسلامنى توغرا تەتبىقلىمىغانلىقتىن ۋە ئەقىدىدە قالاقلاشقانلىقتىن تېپىشۋالغان جاھىلانە خاتا ئەنئەنىلەرگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، ئۇلار اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى بەلگىلىگەن توغرا ئىسلامنى ئەنئەنىلەرنىمۇ خاتا ئەنئەنىلەر بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەپ، ھۇجۇم دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ھەممىسىنى

پاچاقلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە تىگىشلىك چىرىك ئەنئەنە دىبدى. ئۇلارنىڭچە ھەممىسى زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قالدۇقى بولۇپ، نۇرلانغان، ئەركىنلەشكەن زامانىمىزدا بۇ قالدۇقلارنى تەلتۆكۈس تازىلاش كېرەك ئىدى.

ھۇجۇم ھەقىقەتەن مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. دەرۋەقە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە توغرا ئەنئەنىلەرمۇ ۋە خاتا ئەنئەنىلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. لېكىن، نىيەت توغرا بولغان بولسا، خاتانى توغرىدىن ئايرىۋېلىش، اللّٰەنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىدىن ئېلىنغان توغرا ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ قېلىش، جاھىلىيەتكە يېنىپ كەتكەنلىكتىن ئاياللار توغرىسىدا پەيدا بولغان بۇزۇق ئەنئەنىلەرگە قارشى تۇرۇش تەس ئەمەس ئىدى. بۇزۇق ئەنئەنىگە ئېسىلىۋالغانلار بىلەن بىر مەيدان جەڭ قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ قىلغىلى بولاتتى. مۇسۇلمانلار ئىچىدىن جەمئىيەتتىكى ئازغۇنلۇقلارغا قارشى كۆرەش قىلىشنى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلغانلىقىغا پىسەنت قىلماي كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئىخلاسلىرىغا يارىشا ئىسلاھات مېۋىلىرىنى بېرىپ كېتىدىغان ئۆلىمالار ھەر زامان چىقىپ تۇرىدۇ.

لېكىن، خەبىس ئادەملەر ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ ئىسلامنى چۈشەنمەيدىغانلىقىدىن، ھەق ناھەقنى ئايرىيالمايدىغانلىقىدىن، بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ جاھالىتىدىن پايدىلىنىپ، اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى راۋا كۆرمەيدىغان ئوچۇق زۇلۇملارغا ھەقىقى ئىسلام ئەنئەنىلىرىنى ئېلىشتۇرۇپ ھۇجۇم قوزغاپ، ھەممىسىنى يوقىتىش كېرەك دەپ جار سالدى. ئۇلار دەسلەۋىدە بۇزۇق ئەنئەنىلەرنى مۇتەئەسسىپلار پەيدا قىلغان، دىندا بۇنداق نەرسىلەر يوق دېگەن بولسا، ئەنئەنىلەرنى قارا-قويۇق سەت كۆرسىتىشكە مۇۋەپپەق بولغىنىدىن كېيىن، ئەنئەنىنى دىن پەيدا قىلغان دېيىشكە ئۆتتى. تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ: دىنىنىڭ ئۆزى بىر بالا، ئۇنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش كېرەك دەپ ئاشكارا توۋلاشتى.

ئۇلار ئايالالارنى ئوقۇشسىز، ساۋاتسىز قالدۇرۇشقا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىسلامىي جەمئىيەتتە ئىسلام تەلىماتلىرىدىن يىراقلىشىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان بۇزۇق ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى.

ئۇلار ئايالالارنى ھاقارەتلەشكە، خورلاشقا، قورساق كۆتۈرۈش ۋە تۇغۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، دەپ پەس كۆرۈشكە ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىسلام

تەلىماتلىرىغا تامامەن زىت كېلىدىغان بۇزۇق ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى.

ئۇلار ئاياللارنى خالىمىغان ئادىمىگە زورلاپ ئەرگە بېرىشكە ھۇجۇم قىلدى. بۇغۇ ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ئوچۇق زىت كېلىدىغان بۇزۇق ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى. لېكىن، ئۇلار يۇقىرىقىلارغا قوشۇپ، ئاياللارنىڭ ھىجابىغا، ئاياللارنىڭ زۆرۈرىيەتسىز سىرتقا چىقماي ئۆيدە ئولتۇرىشىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنى ئاياللارنى ئەرلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىك تۇرمىسىگە قامىغانلىق دەپ تەسۋىرلىدى، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتكە ئازات بولغان ھالدا ھىجابسىز، چەكلىمىسىز چىقىشىنى تەلەپ قىلدى. ۋەھالەنكى، بۇ ھەقتە اللّٰەنىڭ مۇئمىن ئاياللارغا قويغان تەلىپى ئوچۇق ئىدى:

**( وَقَرْنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى )** [61]

.

«ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللار ياسىنىپ چىققاندەك ياسىنىپ چىقماڭلار»

---

(61) سورة الأحزاب ، الآية : 33 .

**( يَـا أَيُّهَا النَّبِي قُـلْ لِأَزْوَاجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَاءِ الْمُؤْمِنِينَ يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِنْ جَلابِيبِهِنَّ )** [62] .

ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆئمىنلارنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجە بىلەن بەدەنلىرىنى ئورىۋالسۇن» .

**( وَقُـلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِـنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْـنَ فُرُوجَهُنَّ وَلا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَـرَ مِنْهَا وَلْيَضْـرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَـى جُيُوبِهِنَّ وَلا يُبْدِيـنَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ )** [63] .

«مۆئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقىي زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن» ...

لېكىن، ھۇجۇم قوزغىغۇچىلار بىرىنجى قەدەمدە ئاقنى قارىغا مەقسەتلىك ئېلىشتۇرۇپ، ھەممىنى چىرىك ئەنئەنە قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەركىنلىك دەۋرىدە، نۇر دەۋرىدە بۇنداق چىرىكلىكنى تاشلاش

(62) سورة الأحزاب ، الآية : 59 .

(63) سورة النور ، الآية : 31 .

كېرەك دېدى. ئىككىنجى قەدەمدە دىنىنىڭ ئۆزىنى تەرەققىياتقا پۇتلىشىدىغان قالاقلىق قىلىپ كۆرسەتتى. (بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز)

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، لىۋانلىق خرىستىئانلار گېزىتلىرى، مۇسۇلمانچە ئىسمى بار ئادەملەر باشقۇرغان مىسىر گېزىتلىرى ۋە ژۇرناللىرى ئاياللار مەسىلىسى-دە ئۇدا غۇلغۇلا قوزغاپ، جەڭنى يېتەرلىك ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى. [64]

مۇقەددەس ئەنئەنىلەرنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئۇنىۋېرسىتېت قىزلىرىنى ئىز قوغلاپ خەۋەر قىلىپ، ئۇنىۋېرسىتېت روھىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇردى. ئۇنىۋېرسىتېت روھى ئىزدىنىش روھىدۇر، چوڭقۇرلاش روھىدۇر، يېتەرلىك پاكىتقا ئىگە بولمىغۇچە كۆڭلىگە كەلگەن پىكىرلەرنى ئالدىراقسانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويماسلىق روھىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىدىمۇ بۇنداق روھ ناھايىتى كەم بولىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېت روھى توغرىسىدا گەپ بولغاندا ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە بۇ روھ كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنىۋېرسىتېت روھى ئۇنىۋېرسىتېت ئوغۇل- قىزلىرىنىڭ ئەركىن ئارىلىشىشى؛ جەمئىيەتنى

---

(64) كان هناك [ مسلمون ] لا يربطهم بالإسلام شيء ، وكان هناك متمسلمون مثل [ روز اليوسف ] وهي يهودية أو مسيحية سمت نفسها [ فاطمة اليوسف ] .

چىرىتكەن، كىشىلەرنى تەرەققىي قىلغىلى قويمىغان ئەنئەنىلەردىن قانچىلىك قۇتۇلۇپ چىققىنىڭ شى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

ھەي قىزچاق! جەڭدە مەغلۇب بولۇشتىن پەخەس بولۇڭ، نامەھرەمگە قارىماڭ دېگەنلىك ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ قىلماڭ دېگەنلىك. ئايالنى ئەردىن پەس كۆرىدىغان زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردە ئاياللار نامەھرەمگە قارىمايتتى. بۇ شۇچاغدىن قالغان قالدۇق ئادەت. سىز بولسىڭىز تەرەققىيات بايراقدارى، بېشىڭىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزىڭىزنىڭ ھەممە ئىشتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلاڭ! ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان قىزلار نامەھرەمگە قارىماسلىق ۋە ھايا-نومۇستىن ئازات بولۇشى كېرەك! [65]

ئۇنىۋېرسىتېت قىزلىرىنىڭ ھەرىكىتى چاققان، بەدىنى سۇزۇك بولۇشى كېرەك! كىيىمىڭىزگە دىققەت قىلىڭ! ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان، بەدەن

(65) غض البصر كما هو معلوم من أمر هذا الدين ، هو أمر رباني للرجال والنساء معاً : ( **قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ ، وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ** ) [ النور : 31 ، 31 ] فلا دخل لهذا الأمر بالدونية ! إنما هو الاحتشام اللائق [ بالإنسان ] لكيلا يتحول إلى حيوان شهوان . وقد كان من أكثر من ألح على الفتاة أن تخلع حياءها ولا تغض من بصرها الكاتب الصليبي سلامة موسى ، لغاية في نفسه مفهومة وواضحة . بينما تروي كتب السيرة عن قمة البشرية محمد صلى الله عليه وسلم أنه كان أشد حياء من العذراء !

گۈزەللىكىڭىزنى نامايەن قىلىدىغان كىيىملەرنى تاللاپ كىيىڭ! ئىمكانقەدەر گۈزەللىكىڭىزنى نامايەن قىلىڭ! ھېچقىسى يوق، نېمىدىن قورقىسىز؟ دىندىن قورقۇمسىز؟ ئەخلاقتىنمۇ؟ ياكى ئەنئەنىدىنمۇ؟

كېلىڭ! دىننى، ئەخلاقنى، ئەنئەنىنى بىرلىكتە پاچاقلايلى! ئۆيمۇ سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىزگە پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ، لايىقىڭىزدا چاققان بولالمايۋاتىسىز! ئازات بولغان ئايال مېڭىش-تۇرۇشتا، گەپ-سۆزدە تارتىنمىلىق بولۇشى كېرەك! شېرىن چۈشلىرىڭىزدىكى بىرسىنى كەلگۈسىدىكى ھەمراھىڭىز بولۇشقا جەلب قىلغۇڭىز يوقمۇ؟! بىرنى جەلب قىلالمىسىڭىز، يەنە بىرنى قىلىڭ! ئەڭ مۇھىمى سىزنى ئىزدەپ تۇرىدىغان، سىزگە قىزىقىدىغان... سىزگە مەھلىيا بولىدىغان ئادەملەر چىقىپ تۇرىشى كېرەك!

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىۋېرسىتېت قىزلىرى گەپ-سۆز ۋە ئىش-ھەرىكە-تلىرىدە غىلجىڭلايدىغان ۋە نايىناقلايدىغان بولۇشتى. بۇ زامانىۋىلاشقان، ئازات بولغان ئايالالارنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى. بۇ ئايالالار

كوچىلاردا پەسلىمەيدىغان، جىمىمايدىغان بىر ئازغۇلۇق دولقۇنى پەيدا قىلدى... [66]

سۇيقەستچىلەرنىڭ مەقسىتى شۇ ئىدى.

ئۆي... ئۇنىۋېرسىتېت قىزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئويلايدىغىنى.

ئۆي... ئۇنىۋېرسىتېت قىزلىرىغا يېتىمسىراش، يالغۇزلۇق ۋە بىگانىلىق ئۇۋىسى قىلىپ كۆرسىتىلدى. ئۆيدە تۇرۇش ئۇنىۋېرسىتېت قىزلىرىغا لايىق كەلمەيدىغان ئەيىبلىك ئىشقا ئايلاندى.

ئۆي دېمەك زىندان دېمەكتۇر... ئۆي دېمەك سىقىلىش دېمەكتۇر... ئۆي دېمەك قاراڭغۇلۇق دېمەكتۇر... ئۆي دېمەك نامەھرەملەر دەۋرى دىن قالغان قالاقلىقتۇر... ئۆي دېمەك ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمەتلىرىنىڭ چىرىك ئەنئەنىسىدۇر... ئۆي دېمەك ئەرنىڭ دىكتاتورىسى

---

[66] يقول الله سبحانه وتعالى مخاطباً [ أمهات المؤمنين ] : ( **يَا نِسَاءَ النَّبِيِّ لَسْتُنَّ كَأَحَدٍ مِنَ النِّسَاءِ إِنِ اتَّقَيْتُنَّ فَلَا تَخْضَعْنَ بِالْقَوْلِ فَيَطْمَعَ الَّذِي فِي قَلْبِهِ مَرَضٌ** ) [ الأحزاب : 32 ] وهن زوجات الرسول صلى الله عليه وسلم ، وأمهات المؤمنين ، وفي عصر الذروة الذي ارتفع فيه المجتمع الإسلامي إلى قمم لم تصل إليها البشرية في أي جيل من أجيالها ، السابقة أو اللاحقة ، فكيف بفتاة لا تعرف عن الإسلام إلا اسمه ، ومجتمع شارد عن الإسلام ؟ هل كان لهذه التوجيهات المسمومة إلا نتيجة واحدة : أن ينحل المجتمع ، ويقضي على ما بقي فيه من دين وأخلاق وتقاليد ؟

دېمەكتۇر... ئۆي دېمەك جەمئىيەتنىڭ پالەج ھالەتكە چۈشۈشى، كەينىگە چېكىنىشى دېمەكتۇر...

ئۇنىۋېرسىتېت قىزلىرى ئائىلىنى ئەرگە قۇل قىلىپ بەرگۈچى ئەنئەنىلەرنىڭ زىندانىدا بىلىمسىز مومىلىرىدەك ئۆيدە ئولتۇرغىلى ئوقۇمىغان. بەلكى، خىزمەت قىلغىلى ئوقۇغان. خىزمەت قىلغاندىلا ئۆزىگە خاس كىملىككە ئىگە بولۇپ مۇكەممەل ئىنسان بولغىلى بولىدۇ. ئائىلە ئۆيدە نېمىدەپ ئولتۇرىدۇ؟ تاماق ئەتكىلى، كىر يۇغىلىمۇ؟... بۇنداق قىلىش نومۇس! قورساق كۆتۈرۈپ، بالا تۇغۇپ، بالا باققىلىمۇ؟... بالا تۇغۇش، خىزمەتكە پۇتلاشمايدۇ، زامانىۋىيلاشقان ئائىلىلار بۇ مۇشكۈلچىلىكنى يېڭىپ نىكاھلىق تۇرمۇش بىلەن خىزمەت مۇناسىۋىتىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىۋالغان. نىكاھلانغاندىن كېيىنمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا خىزمەت قىلسا بولىۋېرىدۇ، ئەڭ مۇھىمى خىزمەت!

بىز بۇيەردە بۇ بۇلغىنىشلار بىلەن، ياۋروپالىقلارنىڭ ئائىلىنى ئەرلەشتۇرۇپ، ﷲ ئائىلىلارغا يارىتىپ بەرگەن ئائىلىلىق پىترەتنى بۇزۇپ، ئائىلىلارنى ئائىلىغا خاس ئىشلاردىن چېكىندۇرۇپ، شەھۋەتنى قاندۇرۇش قورالىغا ئايلاندۇرىۋالغانلىقىدىن؛ ئائىلىلارنى ئەرەنچە تەربىيلەپ، ئائىلىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆيدىن خىزمەتكە

بۇراشتىن كېلىپ چىققان ئاسارەتلەر بىلەن مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

بۇ بۆلگىنىشلار بىلەن مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرمايمىز.[67] بىزگە شۇ كۇپايىكى: ياۋروپالىق ئاياللارنىڭ ئۆزى بۇ بۆلگىنىشتىن چارچاپ، ئۆيگە ۋە پەترەتكە قايتىشقا ئىنتىلىشكە باشلىدى. بۇ ئويۇننىڭ ئاياللارنىڭ پايدىسىغا چىقمىغانلىقىنى بايقاشقا باشلىدى... بىز پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ يولدىن چىقىش لېنىيىسىنى بويلاپ مېڭىپ، سۇيىقەستچىلەرنىڭ ئاياللار مەسىلىسىنى تۇتقا ۋە ئۈنۈملۈك ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، مەقسەتكە يەتكەنلىكىنى بايان قىلماقچىمىز.

# ئاياللارنى بۇزۇش ھەرىكىتىدە قوللانغان ۋاسىتىلار

گېزىت ئەڭ مۇھىم قورال... گېزىت يالغۇز ھەرىكەت قىلمىدى. بەلكى ھېكايە، سەھنە ئەسەرلىرى، كىنو، ۋە

---

[67] مەن بۇ مەسىلىدە «ماتېرىيالىزم بىلەن ئىسلامىيزم ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسان»، «ئىسلامنىڭ ئادەم تەربىيلەش ئۇسۇلى»،«ھازىرقى زاماندىكى پىكىر ئېقىملىرى» دېگەن كىتابلاردا مۇنازىرە قىلغان. بۇ يەردە يەنە قايتا مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرمايمەن.

رادىئو... قاتارلىق قوراللار بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلدى. ھېكايە ۋە سەھنە ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىشتىن باشلىنىپ، ئىجادىي يېزىش بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇزۇن مەزگىلغىچە چەتئەلنىڭ كېنولىرى قويۇلدى. كېيىنچە ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا مىللىي فىلىملىرىمىزنىڭ بولماسلىقى نومۇس دەيدىغانلار پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپ تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلىپ ئاخىرى شۇنداق فىلىملارمۇ بار بولدى. رادىئو ئاڭلىتىش بىر قەدەر كېيىن بارلىققا كەلدى. لېكىن، ئۇ ناھايىتى تېزلا كارۋانغا يېتىشىپ چوڭ توپقا قوشۇلدى.

بۇ قوراللار مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، بىر نىشانغا – مۇسۇلمانلارنى دىندىن، ئەخلاقتىن، ئەنئەنىدىن قايتۇرۇش نىشانىغا، دىنى قىممەت قاراشلارنى نەزەرگە ئالمايدىغان، ھاياتلىق يولىنى دىنى قىممەت قاراشلاردىن ئالمايدىغان، تەپەككۇر، ئىرادە، ئادەت ۋە پائالىيەت شەكىللىرىدە دىنى قىممەت قاراشلارغا ئىلتىجا قىلمايدىغان، بەلكى، دىنىنىڭ گېپى چىقسىلا، دىننى مەسخىرە قىلىدىغان ۋە زاڭلىق قىلىدىغان «يېڭى جەمئىيەت» قۇرۇش پىلانىغا ئاخىرى يەتتى.

بۇجايدا بۇ ۋاستىلەر توغرىسدا سۆزلەپ ئولتۇرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ۋاستىلارغا

تىلىۋىزىيە ۋە سىنقويغۇ كىلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا پەيدا بولغان ۋەيران قىلغۇچ ئاسارەتلەر توغرىسىدا سۆزلىشىمىزنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. چۈنكى بۇ بىر ئەمەلىي رېئاللىق. ئۇنى كىشىلەر ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇ ۋاستىلەرنىڭ پەرزەنتلەردىكى ئاسارەتلىرىنى كۆزى بىلەن كۆرىۋاتىدۇ. ھەرخىل ئاسارەتلەرنى چەكلەپ، پەرزەنتلىرىنى ئاسارەتلەردىن ساقلاپ قىلىشقا قۇربى يەتمەيۋاتىدۇ. بىز پەقەت بۇ ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان سۈيقەستلىك پىلاننى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا ياردىمى تېگىدىغان ئازغىنە ئەۋرىشكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

روز يۇسۇف (ئايال) ئۆز نامىدا ژۇرنال چىقىرىپ ئاخباراتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن بۇرۇن سەھنىدە ئويۇن قويۇش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازىدۇ: «ھۆكۈمەتتىن ئويۇن قويۇشقا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئەينى ۋاقىتتا مىسىرنى برىتانىيە بىۋاستە باشقۇراتتى. برىتانىيىنىڭ باش ۋەكىلى (مىسىرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھەقىقى ھۆكۈمدارى): يېزىغا بېرىپ ئويۇن قويسىڭىز دەرھال ياردەمگە ئېرىشىسىز، دېدى».

نىشان ئىدى. مىسىر يېزىلىرىدا ئەينى ۋاقىتتا ئاساسەن مۇسۇلمانلار - دىن ۋە ئەخلاقنى ساقلىغۇچىلار، ئىسلامدىن ئېلىنغان ئەنئەنىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلغۇچىلار (بۇ ئەنئەنىلەرگە گەرچە قىسمەن ئازغۇنلۇقلار ئېلىشقان بولسىمۇ) بارئىدى. ھىجاب سېلىش، ئىپپەتلىك بولۇش، ئابروينى ساقلاش، ئومۇمەن ئايالالرنى پەسلىكتىن، چۈشكۈنلۈكتىن، تاپتىن چىقىشتىن ساقلاش يېزىلىقلار ئەڭ قاتتىق رىئايە قىلىدىغان بىر ئەنئەنە ئىدى. يېزىلىقلارنىڭ بۇ خىل ھالەتنى ساقلاپ قېلىشى شەك يوقكى، سۇيىقەستچىلەرنىڭ ئالدىدىكى بىر چوڭ داۋان ئىدى. مىسىرنىڭ كۆپ يېرىنى يېزا ئىگەللىگەن. پايتەختتىلا بۇزۇلۇپ يېزا ساقلىنىپ قالسا پىلان تولۇق ئىشقا ئاشمايدۇ. بۇ سۇيىقەستچىلەرنىڭ يولىنى ئۈزۈۋېتىدۇ، جاپاسىنى ئېغىرلىتىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا تېخى رادىئو، تېلېۋىزىيە بولمىغاچقا، برىتانىيەنىڭ باش ۋەكىلى روز يۇسۇفنى (باش ۋەكىل ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ۋە رولىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى) يېزىغا يولغا سالىدۇ. ئۇنىڭ قويغان ئويۇنى يېزىلىقلارنى ئازراق بولسىمۇ ئەنئەنىدىن تەۋرىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. يېزىلىقلار ئاسمىلاتسىيە بولۇشقا باشلىسا، ئىشلار ئاسان يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

نەجىب رەيھانى (ئايال) تۇغما تالانتلىق كۈلدۈرگە ئارتىسى. ئوبزورچىلار ئۇنى: سەھنە پېرى دېيىشىدۇ. ئۇ سەنئەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ خرىستىئانلىقىنى گاھىدا ئېسىدىن چىقىرىپ قويىسىمۇ، ئەمما ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بەلكى، ئۇ سەنئەت ئارقىلىق خرىستىئانلىقىنى ھەقدادىغا يەتكۈزىدۇ. كىشىلەر سېھرىلىك سەنئەت ئويۇنىغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەچكە، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇ ئۆزى ئىشلىگەن بىر فىلىمدا ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىسىنى ۋە ئەرەب تىلىنى مەقسەتلىك ھالدا مەككارلىق بىلەن مەسخىرە قىلىپ، ئەرەب تىلى ئوقۇتقۇچىسىنى كىشىنىڭ مەسخىرىسىنى قوزغايدىغان، ھۆرمىتىنى قوزغىمايدىغان بىچارە قىياپەتتە تەسۋىرلەيدۇ. بىر نايناق قىز مۇزاكىرە دەرسىدە ئەرەبچە تېكىستنى كۈلكىلىك خاتا تەلەپپۇز قىلىدۇ. غاپىل ئادەملەر بۇنىڭغا كۈلىدۇ. لېكىن، بۇ خوتۇن چاتما سۈرەتلەر ئارقىلىق خاتا تەلەپپۇز قىلغان قىزنىڭ ئەيىبسىزلىكىنى، ئەرەب تىلىنىڭ شۇنداق چۈشىنىش قىيىن بىر تىل ئىكەنلىكىنى، ئۆگەتكۈچى قانچە تىرىشىپ ئۆگەتسىمۇ، ئۆگەنگۈچىنىڭ تولۇق ئۆگىنىۋالالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

جورجى زەيدان بىر تۇققىنى ئەيمىل زەيدان بىلەن بىرلىشىپ ھىلال گېزىتىنى تەسىس قىلدى. ئەسلىدە بۇ ئىككىسى مىسىردا گېزىتچىلىك قىلغىلى كەلگەن لىۋانلىق خرىستىئانلارئىدى. جورجى زەيدان ئاخباراتچى بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئىسلامچە يىرىك ئەسەر يازغۇچىسى. ئۇ ئىسلام تارىخىغا بەدىئى تون كېيگۈزىدۇ. ئۇ بىر قانچە رومانلىرىغا تارىخى ھادىسلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. ئۇ شۇ دەۋرگە نىسبەتەن خېلى يۇقىرى ئەدەبىي دىتقا ئىگە بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلب قىلدى ۋە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇ ئىسلام تارىخنى قانداق يورۇتتى؟

ئۇ بىر قېتىممۇ، ئۇنتۇپ قېلىپ بولسىمۇ مۇسۇلمانلارنى ئىسلامىي مەيداندا تۇرۇپ تەسۋىرلەپ باقمىدى. مۇسۇلمانلارغا قايىل بولۇپ باقمىدى، ھۆرمەت قىلىپ باقمىدى. مۇسۇلمانلاردا ئىسلامىي شان-شەرەپلەر بىلەن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى قوزغاپ باقمىدى. ئۇنىڭ تەسۋىرىدە مۇسۇلمانلار يا ئويۇن-تاماشاغا غەرق بولۇپ شەھۋانىيەتكە، مال-مۈلۈككە، ھوقۇققا بېرىلىدۇ. ياكى ئەھلى كىتابنىڭ بىرى – بىر يەھۇدىي ياكى ناسارا مۇسۇلمانلارغا يول كۆرسىتىپ، پىلان كۆرسىتىپ، پىلاننى ئىجرا قىلىشقا ياردەملەشسە، مۇسۇلمانلار كىشىنى قايىل قىلغۇدەك

ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىدۇ. ناۋادا ئەھلى كىتابنىڭ بىرەسى بولماي قالسا، مۇسۇلمانلار ئويۇن-تاماشاغا، دەتالاش- نىزاغا، پەسكەش سۇيىقەستلەرگە... مەشغۇل بولۇپ، ئۆزىنى زايا قىلىۋېتىدۇ... قايسى زاماندا؟ مۇسۇلمانلار ئەڭ قۇدرەت تېپىپ پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان زاماندا.

بىر بۆلۈك ھېكايە-پوۋېستلار، سەھنە ئەسەرلىرى ۋە كىنو-فىلىملەر تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن بىرلا تېمىنى تەكرارلىدى. بۇ تېمىنىڭ خۇلاسە مەزمۇنى شۇكى، بىر قىز (كۆپىنچە ستودېنت ياكى مۇئەللىمە) نىڭ ئوغۇل دوستى بار، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەر خىل ئىشلار بولغان. ئاندىن ئۇلار توي قىلماقچى بولغان. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قوشۇلمىغان، (كۆپىنچە يېزىلىق ئاتا-ئانىلار ياكى ئەنئەنىچى قالاق ئاتا-ئانىلار) چۈنكى ئاتا-ئانا ئۆزىنىڭ قالاقلىقىغا باقماي قىزىغا ئەر تېپىپ قويۇشقان، ياكى ئەنئەنىگە ئەگىشىپ قىزىنى تەگكۈسى بار ئەرگە بەرمەسلىك ئۈچۈنلا، پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا قوشۇلمىغان. ھېكايە ياكى سەھنە ئەسىرى ياكى فىلىمنىڭ داۋامىدا قىز ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئاتا-ئانىسى تاپقان ئەرگە تەگمەيدۇ. يامىنى كەلسە ئۆيىنى تاشلاپ سۆيگىنى بىلەن قاچىدۇ. ھەر ھالدا قىزنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئاتا-ئانا قوشۇلۇپ، ياكى تەرەققىيپەرۋەر قىزغا ئاتا-ئانا تەسلىم بولۇپ،

ياكى قىزنىڭ توغرا قىلغانلىقىغا، ئاتا-ئانىنىڭ خاتا قىلغانلىقىغا ئاۋۋال ئانا قايىل بولۇپ، ئاندىن ئانا دادىنى قايىل قىلىپ ھېكايە ئاخىرلىشىدۇ.

ھىجابنى ئېلىۋېتىش، نامەھرەملەر بىلەن ئارىلىشىش ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدۇ دېگەنلەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، بىر بۆلۈك يازغۇچىلار بىرلا ۋاقىتتا شۇنداق دېيىشتىكى: جەمئىيەت ئەنئەنىلەرگە رىئايە قىلغان ۋاقىتتىمۇ جىنايەتتىن خالىي ئەمەس ئىدى. ھىجابنىڭ تېگىدىمۇ پاھىشە بولىۋېرەتتى.

جەمئىيەتنىڭ (ئەنئەنىگە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان جەمئىيەت بولسىمۇ) جىنايەتتىن خالىي بولماسلىقى بىر ھەقىقەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيىتىدىمۇ بۇزۇق ئىشلار يۈز بەرگەنلىكى بۇنىڭغا يېتەرلىك دەلىل. لېكىن ھەرقانداق جەمئىيەتتە بۇزۇق ئىشلار يۈز بەرگەن ئىكەن ئۇنداقتا دىنىنىڭ پايدىسى يوق، ئەخلاقنىڭ پايدىسى يوق، ئەنئەنىنىڭ پايدىسى يوق، ئەخلاقىي يولىيورۇقلارنىڭ قىممىتى يوق دېيىش ئاغزىغا كەلگەنچە بىلجىرلاشتۇر. جىنايەت ناھايىتى ئاز يۈز بېرىدىغان، يۈز بەرگەن جىنايەتلەر ئىنكار قىلىنىدىغان ۋە تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدىغان جەمئىيەت بىلەن پاھىشىگە توشۇپ كەتكەن،

ئىپپەتلىك بولۇش ئىنكار قىلىنىدىغان جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار.

ئېھسان ئابدۇقۇددۇس روز يۇسۇف[68] ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان كۆرسەتمىلىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ھەربىر قىزدىن سۆيگىنىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، دادىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، دادىسىغا: بۇ مېنىڭ سۆيگىنىم، دېيىشىنى تەلەپ قىلىمەن»!

ئەنىيىس مەنسۇر «كۇندىلىك خەۋەرلەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «گېرمانىيىدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنى زىيارەت قىلدىم، ئۇنىۋېرسىتېت سەيناسىدىكى چىملىقتا جۈپ-جۈپ ئوغۇل-قىزلارنىڭ ئوڭدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ: قاچانمۇ ئاسيوت ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇشۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرەرمەن؟مىسىرلىقلار قاچانمۇ شۇنداق ئىشلارغا ئادەتلىنەر؟! دېدىم كۆڭلىمدە.» بۇنىڭدىن باشقا يەنە مىڭلىغان، مىليونلىغان يالىڭاچ سۈرەتلەر... سېرىق ناخشىلار... سېرىق پىكىرلەر... سېرىق توچكىلار گېزىت، ژۇرنال، رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە... لەرنى قاپلىدى. كوچىلاردا، ئىشخانىلاردا، قاتناش ۋاستىلىرىدا، يالىڭاچ قىرغاقلاردا مىڭلىغان، مىليونلىغان يالىڭاچ تەنلەر...

---

[68] روز يۇسۇف ئېھسان ئابدۇقۇددۇسنىڭ ئانىسى بولۇپ كېيىن ئۇ شۇ نامدىق بىر ژۇرنالنى تەسىس قىلغان

رادىئو، كىنو تېلېۋىزىيىلەر كۆرۈرمەن ۋە ئاڭلارمەنلەرنىڭ روھىغا سىڭدۈرىۋاتقان پۈچەكلىكلەر... كىشىنى ئوڭلۇققىنا بىر ئىشقا ئۈندىمەيدىغان پۈچەكلىكلەر... اللهقا، ئاخىرەت كۈنىسگە، الله يولىدا جىهاد قىلىشقا يۈزلەندۈرمەيدىغان پۈچەكلىكلەر...

جەمئىيەتنى ئىسلامىي يىلتىزىدىن ئايرىشتا بىرلا ئايالىلار مەسىلىسى ۋە ئۈنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقلارلا ئىشقا سېلىنمىدى. بەلكى، ھەممە ساھەدە ئەتراپلىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى. دەرۋەقە ئايالىلار مەسىلىسى ۋە ئۈنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەخلاقى بۇزۇقچىلىقلار ھەممىدىن چوڭ رول ئوينىدى. بۇ يەردە ئىدىيىۋى ھۇجۇم كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىككى ساھەنى كۆرىستىپ ئۆتىمىز. بۇ ئىككى ساھە تەپەككۇر ۋە سىياسەت ساھەسىدۇر.

دەرۋەقە بۇ خاپىلىقلار الله نىڭ تەقدىرى بىلەن بولدى. لېكىن، بۇ تەقدىرگە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى ئامانەتنى ئادا قىلىشتا بوشاڭلىق قىلغانلىقى سەۋەب بولۇپ قالدى. ئەينى ۋاقتىدا ئوھۇد ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت الله نىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان، لېكىن، بۇ تەقدىرغا مۇسۇلمانلاردىن سادىر بولغان گۇناھ-مەئسىيەت سەۋەب بولغان ئىدى .

مۇسۇلمانلار پەقەت اﷲ قا قايتىپ، اﷲ قا ھەقىقى ئىبادەت قىلغاندىلا ھازىرقى خاپىلقتىن قۇتۇلالايدۇ. اﷲ ئۇلاردىن سۇيقەستنىڭ ئاسارەتلىرىنى كەتكۈزىدۇ. مۇسۇلمانلار اﷲ نىڭ يولىدا راۋرۇس تۇرغاندا قولغا كەلتۈرگەن، اﷲ نىڭ يولىدىن ئازغاندا قولىدىن بىرىپ قويغان قۇدرەت تېپىشنى اﷲ يەنە ئۇلارغا شەرتنى بىجا كەلتۈرسە بىرىدۇ:

﴿ وَعَدَ اللَّهُ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ وَرِضْوَانٌ مِنَ اللَّهِ أَكْبَرُ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ ﴾ [ التوبة : 72 ]

(اﷲ مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ھەمىشە تۇرىدىغان جەننەتلەردە گۈزەل جايلارنى ۋەدە قىلدى. (ئۇلار ئېرىشىدىغان) اﷲ نىڭ رازىلىقى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن) كاتتىدۇر، بۇ چوڭ بەختتۇر)

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا خاستۇر. اﷲ نىڭ ساۋابىنى ئۈمىد قىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆپەيتىشى، باشقىلارغا ئارىيەت بىرىشى، كىتابنىڭ مەزمۇنىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشى ھوقۇقلۇق!